
# مۇھەببەت يۇمۇرلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت ئەۋبەت

LOVE LOVE LOVE

LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE LOVE

ISBN 978-7-228-07916-2

定价:10.00 元

# مۇھەببەت يۇمۇرلىرى

(چەت ئەل يۇمۇرلىرى)

تۈزگۈچى : مەمەت ئوسمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

爱情幽默/买买提·乌斯曼编译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.3(2008.4 重印)
ISBN 978－7－228－07916－2

Ⅰ.爱… Ⅱ.买… Ⅲ.笑话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I 17

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 017493 号

---

| | |
|---|---|
| 编　　译 | 买买提·乌斯曼 |
| 责任编辑 | 孜来哈·艾则孜,吐尔尼沙·艾山 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔,再米拉,外力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐市八家户彩印厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 4 |
| 版　　次 | 2003 年 3 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 4 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 3001－6000 册 |
| 定　　价 | 10.00 元 |

---

# مۇھەببەت يۇمۇرلىرى

تۈزگۈچى : مەمەت ئوسمان
مەسئۇل مۇھەررىرى : زىلەيخا ئەزىز ، تۇرنىسا ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : سەنەۋەر ، زەمىرە ، ۋەلى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 4
نەشرى : 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3001—6000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—07916—2
باھاسى : 10.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

مۇھەببەت ۋە سۆيۈشۈش ........................ 1
قايسىسىنى ياراتتىڭ ........................ 15
مۇھەببەت ۋە توي ........................ 21
قوشنىلار سۆيۈشىدىكەن ........................ 37
ئۆي ۋە كوچىدىكى پاراڭلار ........................ 42
خوتۇنلار ھېيلىسى ........................ 49
كەيپچىلىك ........................ 57
نىكاھ ماجىراسى ........................ 63
سەگەك ۋە دۆت ئادەملەر ........................ 68
ئۆزۈم ئەخمەق ........................ 84
ئەرلەر نېمە ئويدا ، ئاياللار نېمە كويدا ........................ 87
قايتىشنىڭ كىرا پۇلى ........................ 91
يىگىتلىك قىلىپ قويۇپتىمەن ........................ 95
ئەر ـ خوتۇنلار قۇۋلۇق قىلماقلار ........................ 105
بۇ خورازمۇ پوخور چىقتى ........................ 111
ئىككى ئالدىنقى سەپنى قوغداش ........................ 119

# مۇھەببەت ۋە سۆيۈشۈش

## مەن ئاغرىپ باقمىدىم

يىگىت : مېنىڭچە ، سۆيۈشۈش پاكىز ئىش ئەمەس .
قىز : لېكىن ، مەن ھەرگىز …
يىگىت : ھېچقاچان سۆيۈشۈپ باقمىغان دېمەكچىمۇسىز ؟
قىز : ياق ! مەن ھېچقاچان ئاغرىپ باقمىدىم .

## تازىمۇ ئۇياتسىز

يىگىت : ئەگەر سىزدەك گۈزەل قىزنىڭ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولالىسام ، يۈز يوەن سوۋغا قىلغان بولاتتىم .
قىز : ۋىيەي ، تازىمۇ ئۇياتسىز ! …
يىگىت : نېمە بولدى ؟ مەن قىلچە خاتا گەپ قىلمىدىمغۇ .
قىز : تۈنۈگۈنكى ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى . ئاخشام بىر يىگىت سىزگە ئوخشاش ۋەدە بەرگەنىدى ، تاتلىققىنا بىرنى سۆيۈپ قويسام ، ھېچنېمە بەرمەي بەدەر تىكىۋەتتى .

## تارقىتىۋەتمەك

نەشرىيات سودىگىرى ئايال كاتىپىغا يېقىن كېلىپ :
— ئومىقىم ، لېۋىڭىزگە سۆيگۈ بېسىپ قويايمۇ ؟ — دەپتۇ .
— قانچىلىك باسسىڭىز مەن رازى ، — دەپ ناز بىلەن ئەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپتۇ كاتىپ ، — بىرلا شەرتىم ، نەشر قىلىپ تارقىتىۋەتمەڭ .

www.uyghurkitap.com

## بۈيۈك كەشپىيات

يىگىت تازىمۇ ئېگىز پاشنىلىق توپلەي كىيىۋالغان چوكاننى يېنىدىكى قىزغا كۆرسىتىپ :

— ئېگىز پاشنىلىق توپلەينى كىم كەشىپ قىپتىكىن ؟ — دەپتۇ .

قىز : يىگىتنىڭ لېۋىگە سۆيۈشكە بويى يەتمىگەن قىز كەشىپ قىپتىكەن .

يىگىت : ئوھوي ، نېمىدېگەن بۈيۈك كەشپىيات .

## سۆيگۈ خېتى

— بۇ خەتنى ئوقۇپ بەرسىڭىز ، — دەپتۇ قىز بىر ئەر كىشىگە .

— كىمدىن كەلگەن خەت ئىدى ؟

— يىگىتىم يېزىپتىكەن .

— مۇھەببەت خېتىدەك قىلىدۇ ، سۆيۈپ قوياي دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن . ئۆزىڭىز ئوقۇڭ ، — دەپتۇ ئەر كىشى كۈلۈپ .

قىز : خەتتە سۆيۈپ قوياي دېگۈچە ، ئۆزى كېلىپ سۆيۈپ قويسىچۇ .

## شۇنىمۇ سورامسىز

باغدا قىز بىلەن كېتىۋاتقان يىگىت قىزدىن سوراپتۇ :

— سىزنى سۆيۈپ قويايمۇ ؟

قىز جاۋاب بەرمەپتۇ .

— سىزنى سۆيۈپ قويايمۇ دەۋاتىمەن .

قىز يەنىلا جاۋاب بەرمەپتۇ .

يىگىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ :

— ھەي ، پاك بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ . قىز : سىز نېمانداق كالۋا ! شۇنىمۇ سورامسىز .

## ماڭا ئەكىرىپ بېرىڭ

ئايال كاتىپ : دىرېكتور ، خانىمىڭىزدىن تېلېفون كەلدى ، تېلېفوندا سىزنى سۆيۈپ قوياي ، دەيدۇ .

دىرېكتور : مەن ھازىر ئالدىراش ، سىزگە ئېيتقاندىمغۇ ، ھەرقانداق ئىش بولسا قوبۇل قىلىۋېرىڭ دەپ ، شۇڭا ئۇنىمۇ قولۇم بوشىغاندا ماڭا ئەكىرىپ تاپشۇرسىڭىز بولىدۇ .

## سىناپ كۆرەيلى

ئايال خېرىدار : مۇنۇ ئەڭلىكنى سۇرسە ، سۆيۈشكەندە ئىزى چىقىپ قالمايدىغاندۇ ؟

مال ساتقۇچى ئەر : ياق ، ئىشەنمىسىڭىز مۇشۇ يەردىلا سىناپ كۆرەيلى .

## مىڭ سۆيگۇ

تام بىلەن مارى توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، تام خىزمەت بىلەن يىراق بىر يەرگە بارماقچى بوپتۇ . مېڭىش ۋاقتىدا ئۇ خوتۇنىغا ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پۇل ئەۋەتىمەن دەپ ۋەدە بېرىپتۇ . لېكىن ، خېلى ئۇزاققىچە مارىغا پۇل كەلمەپتۇ . شۇڭا ، مارى تامغا : «تېز پۇل ئەۋەتىڭ ، ئۆي ئىگىسى ئىجارە ھەققىنى سۈيلەۋاتىدۇ» دەپ تېلېگراما ئەۋەتىپتىكەن ، تام : «بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چوقۇم ئەۋەتىمەن ، ھازىرچە ساڭا مىڭ سۆيگۇ ئەۋەتتىم» دەپ جاۋاب تېلېگراما

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتىپتۇ .

ئىككى كۈندىن كېيىن خوتۇنى ئۇنىڭغا : «سۆيۈملۈكۈم ، بولدى ، پۇل ئەۋەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . سىز ئەۋەتكەن [illegible] سۆيگۈنى ئۆي ئىگىسىگە بېرىۋىدىم ، ئىجارە ھەققىنى ئالمايدىغان بولدى » دەپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپتۇ .

## ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن

يىگىت قىزغا خەت يېزىپتۇ :

«سۆيۈملۈك كرالا ، مېنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىم بەك ناچار ، شۇڭا سىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن شۇنى سورايمەنكى ، تۈنۈگۈن سىزگە توي قىلىش تەكلىپى قويغاندا سىز ‹ماقۇل› دېدىڭىزمۇ ياكى ‹ياق› دېدىڭىزمۇ ، شۇنى بىلىۋالسام بولاتتى .»

قىز يىگىتكە جاۋاب خەت يېزىپتۇ :

«قەدىرلىك تام ، خېتىڭىزنى ئېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم . ئېسىمدە قېلىشىچە ، تۈنۈگۈن ‹ياق› دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىم راست ، بىراق كىمگە شۇنداق دېگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن .»

## سىز ئەمەسمۇ

ساياھەتكە چىققان قىز - يىگىت ئولتۇرغان پويىز ئۇزۇن تونېلدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يىگىت قىزغا دەپتۇ :

— تونېلنىڭ بۇنچە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام قاراڭغۇدا سىزنى سۆيۈۋالاتتىمكەن .

— ۋىيەي ، بايا مېنى سۆيگەن سىز ئەمەسمۇ ؟ !

## كۆزەللەر چولپىنىنى ئەسلەپ

قىز : چارجى ، سىز مېنى سۆيگەندە نېمىشقا كۆزىڭىزنى

يۇمۇۋالىسىز ؟

يىگىت : بۇ چاغدا مەن گۈزەللەر چولپىنى ۋىرچىنىنى سۆيۈۋاتىمەن دېگەن خىيالغا غەرق بولۇپ كېتىمەن .

## بوپتۇ ، سۆيگىنىڭ بولاي

بىر ئەر باغچىدا كېتىۋېتىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر ئايالنى سۆيۈۋاپتىكەن ، ئايال غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ :

— نېمانچە يۈرىكىڭ چوڭ سېنىڭ ـ ھە ! — دەپتۇ .

ئەر : كەچۈرۈڭ ، سۆيگىنىمگە ئوخشىتىپ قاپتىمەن .

ئايال : ھەي ، مۆرىمەس كالا ! بوپتۇ ، كەل ، سۆيگىنىڭ بولاي...

## تونۇماي قاپتىمەن

كۆزەتچى : سەن ئۇ قىزنى نەچچە قېتىم سۆيۈۋالدىڭ ؟

ئەر : ئېسىمدە قالماپتۇ ، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم .

كۆزەتچى : مۇنداق دېگىن ، خوتۇنۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن .

ئەر : قولچىرىغىڭىزنى ياندۇرمىغان بولسىڭىز ، خوتۇنۇم ئىكەنلىكىنى مەنمۇ تونۇماي قالاتتىمكەن .

## باشقا ئىشىڭلار يوقمۇ

— ھەي ، يىگىت ، — دەپتۇ قىزنىڭ دادىسى رەنجىگەن تەلەپپۇزدا ، — سەن ھەر كۈنى قىزىمنى كىنوخانا ، قەھۋەخانىلاردا سۆرەپلا يۈرسەن ، قىلىدىغان باشقا ئىشىڭلار يوقمۇ ؟

يىگىت خۇشال بولۇپ دەپتۇ :

— سىز رۇخسەت قىلىدىغىز ـ ھە !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## دەردىڭىزگە دەرمان بولاي

قىز : مەن چوڭقۇر مۇھەببىتىم بىلەن سىزنىڭ دەردىڭىزگە دەرمان بولىمەن .

يىگىت : سۆيۈملۈكۈم ، مېنىڭ ھېچقانداق دەرد ـ پۇشايمىنىم يوق .

قىز : ھازىرغۇ شۇنداق ، توي قىلغاندىن كېيىن دېمەكچىمەن .

## ئالمىدىم

يىگىت : مېىسى ، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز ؟

قىز : ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن .

يىگىت : راستما ، ئالداۋاتمايدىغانسىز ؟

قىز : كىم سىزنى ئالداپتۇ ؟ مەن ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق دەيدۇغۇ ، توۋا !

## تەخىرىم ياخشى كۆرىدۇ

قىز : بۇ دۇنيادا مېنىڭدەك بەختسىز قىز يوق دېسىمۇ بولىدۇ ، مېنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ !

يىگىت : ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ بار .

قىز يىگىتنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ :

— راستما ، كىم ؟ — دەپ سوراپتۇ .

يىگىت قولىنى قىزدىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ دەپتۇ :

— تەخىرىم !

## ئەنسىرىمەك

يىگىت : چاۋجىنىڭ تونۇشتۇرۇشچە ، سىز داڭلىق ئارتىس

ئىكەنسىز ، مەن سەل ئەنسىرەپ قالدىم .
قىز : نېمىدىن ئەنسىرەيسىز ؟
يىگىت : ئويۇن ئوينىشىڭىزدىن .
قىز : ئەنسىرەپ كەتمەڭ ، ئويۇننى باشقا كىشىلەر كۆرمەيدىغان يەردە ئوينايمەن .

## تۈنۈگۈنكى سىزمىدىڭىز

ئەر : سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، ماڭا تېگىڭ .
ئايال : تۈنۈگۈنلا سىزگە دېدىمغۇ ، بولمايدۇ ، دەپ .
ئەر : ھە ، تۈنۈگۈنكى سىزمىدىڭىز ؟ سىز مېنى ئالداپسىز !
— سىز ئاۋۋال مېنى ئالدىدىڭىز ! — دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ قىز .

## ئارزۇ

سەت بىر ئايال كىنو كۆرۈۋېتىپ ئۆزىچە سۆزلەپ كېتىپتۇ :
— بولغۇسى يىگىتىم كىنودىكى يىگىتتەك باتۇر بولسا ـ ھە !
يېنىدا ئولتۇرغان بىر بايۇەچچە ئايالنىڭ گېپىگە دەرھال جاۋاب بېرىپ :
— خېنىم ، مەن ئىشىنىمەنكى ، بولغۇسى ئېرىڭىز چوقۇم باتۇر كىشى . چۈنكى ، ئالەمچە جۈرئەت بولمىسا ، سىز بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلمىكى ھەقىقەتەن تەس دەڭە ، — دەپتۇ .

## كەچۈرۈم سوراش

يىگىت سۆيگىنىگە تېلېفون بېرىپ سوراپتۇ :
— سۆيۈملۈكۈم ، تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىمەن

www.uyghurkitap.com

دېگەنىدىڭىز ، نېمىشقا كەلمىدىڭىز ؟

— كەچۈرۈڭ قەدىرلىكىم ، مېك بىلەن ۋەدىلەشتىم دەپ ئويلاپ ، شۇنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قاپتىمەن .

## مېنى ياخشى كۆرسىڭىز

يىگىت : ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز ، پۇل خەجلەيدىغان ئىشلارغا زورلاۋەرمەڭ .

قىز : ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز ، برىلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكنى بالدۇرراق ئېلىپ بېرىڭ .

## قىزغا ياراش ئۈچۈن

خوتۇنى : سىز يا يازغۇچى ، يا شائىر بولمىسىڭىز ، مۇنچىۋالا يېقىملىق ، شېرىن سۆزلەرنى يادلاپ نېمە قىلىسىز ؟

ئېرى : سەن بىلمەيسەن ، خوتۇن ، يېقىندا بىر قىز بىلەن دوست بولۇپ قالدىم .

## ماھارىتىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن

— ئېلىزابىت ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، مەن بىلەن توي قىلىڭ !

— ناھايىتى ئەپسۇس ، سىز بىلەن توي قىلالمايمەن ، لېكىن سىزنىڭ كىشىگە لەززەت بېرىش ماھارىتىڭىز مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ .

## ئالتۇن ئۈزۈك

يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئىسمى ئويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈكنى قىزغا كۆرسىتىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ :

— مەن بىلەن توي قىلىسىز .

قىز : سىزگە نېمە دېسەم بولار ، باشقا بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم .

يىگىت : كىم ئۇ ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ .

قىز : ياق ، ياق . ئېيتىپ بەرسەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىسىز .

يىگىت : ياق ، ئۆلتۈرمەيمەن ، مۇنۇ ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرەي دېگەنىدىم .

## بۇرۇنقى جايدا

يىگىت : ۋەي ، بۈگۈن كەچ سائەت ئالتىدە بۇرۇنقى جايدا كۆرۈشەيلى !

قىز : نېمە ؟ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىۋاتساق ، «بۇرۇنقى جايدا» دېگىنىڭىز نېمىسى ؟

يىگىت : ھە ، سىز مارلىما ؟ مەن سىزنى جېنىنىمكىن دەپ قاپتىمەن .

## ئۈزۈككە كۆيمەن

— جونسۇن بىلەن توي قىلىشتىن يېنىۋالدىم ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم سۇسلىشىپ كەتتى .

— ئەمىسە ئۇ بەرگەن ئۈزۈكنى يەنە تاقىۋاپسەنغۇ ؟

— ھىم ، ئۈزۈككە بولغان مۇھەببىتىم يەنىلا چوڭقۇرغۇ تاڭ .

## راستىنى ئېيتسامچۇ

شار : سۆيۈملۈكۈم ، قاراڭە ، سىزگە ئاتاپ ئالغان بۇ مەرۋايىت دەل يىگىرمە تال ئىكەن .

قىز : نېمىشقا يىگىرمە تاللىقنى ئالدىڭىز ؟

www.uyghurkitap.com

شار : سىزنىڭ يېشىڭىزغا تەڭ بولسۇن دەپ .
قىز : ھەتتىگىنەي ! ئاۋۋال بىلگەن بولسام ، سىزگە ھەقىقىي يېشىمنى دەپ بېرەتتىمكەن ئەمەسمۇ ؟ !

## ماڭا ئاشمايدىكەن

— سەن ئۇ قىزغا توي قىلىش تەلىپىنى قويساڭ نېمە دېدى ؟
— مەن ئېغىز ئاچقۇچە ئۇ شىكىسپىر ، ئۆۋېنلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بىر جىنىنغا ئىككى يىگىتكە كۆيۈپ قالغان تۇرسا ، ماڭا قانداقمۇ ئاشسۇن ؟ !

## پۇلى بارمىكەن

قىزى : بىر يىگىت تاپتىم ، يېقىندا توي خېتى ئالىمىز .
دادىسى : يىگىتىڭنىڭ پۇلى بارمىكەن ؟
قىزى : سىلەر ئەرلەر ھەممىڭلار ئوخشاش بىرنېمىكەنسىلەر ، ئۇ يىگىتمۇ دادىڭىزنىڭ پۇلى جىقمۇ دەپ سوراۋاتىدۇ .

## مەن كۆردۈم ، ئۇ كۆرمىدى

تارتىنچاق پاۋېل بىر قىزغا تەلەپ قويغىلى بارىمەن دەپ ، بىر سائەتچە تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، يېرىم سائەتكە قالمايلا قايتىپ كەپتىكەن ، ئاپىسى ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :
— ھە ، قانداق بولدى ؟
— ناھايىتى ياخشى بولدى .
— كۆرۈشتۈڭمۇ ؟
— كۆردۈم . ئەگەر مەن گۈللەرنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالمىغان بولسام ، ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ قالاتتى .

## ئۆتتەك ھارارەت

ئا : مېنىڭ سۆيگەن قىزىم شۇنداق ئىللىقكى ، تۇخۇمنى بىردەم تۇتۇپ تۇرسىلا چۈجە چىقىدۇ .
ب : ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ، مېنىڭ سۆيگەن قىزىم دەرەخنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويسىلا ئورمانغا ئوت كېتىدۇ .

## مۇنداق ئىكەن ـ دە

— ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ساڭا تەگكىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلىمەن ـ دە !
— ئاپاڭ ماڭا تېگىشىڭگە قوشۇلمىغانمىدى ؟
— ھەئە .
— ئاپلا ، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە ، مەن تېخى ئاپاڭ سېنى ماڭا زورلاپ تېڭىپ قويدى دەپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ .

## بىراق

سېرگېي : دوختۇرخانىغا داداڭنى يوقلاپ باردىڭمۇ ؟
پاۋېل : باردىم .
سېرگېي : ھېلىقى سېستىرا قىز تازىمۇ چىرايلىق ئىكەن ، سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەمسەن ؟
پاۋېل : ياخشى كۆرەتتىم ، بىراق دادام ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ .

## مۇھەببەت يولى

قىزى : مۇھەببەت يولىغا كىرىپ قېلىپ تازىمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن .

www.uyghurkitap.com

ئاپىسى : مۇھەببەت يولىغا كىرگەنىكەنسەن ، نەق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋال .

قىزى : بۇ نېمە دېگىنىڭ ، ئاپا ؟

ئاپىسى : ھەرقانداق يىگىت مۇھەببەت يولىدا ماڭماي قالمايدۇ . يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرساڭ ، خالىغىنىڭنى تاللىۋالىسەن .

## ۋەزىيەت ياخشىغۇ

گۈزەل قىز نىنا ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاپىسىغا ھال ئېيتىپتۇ :

— ئاپا ، ھەر قېتىم ئىشتىن قايتسام ، يولدا نۇرغۇن يىگىتلەر قاش ئېتىپ ئارقامغا كىرىۋالىدىغان بولۇۋالدى .

ئاپىسى : ھازىر ۋەزىيەت ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىغۇ ، قىزىم ، بەش — ئالتە يىلدىن بىرى ماڭا ئۇنداق ئەرلەر ئۇچرىمايدىغانلا بولۇپ كەتتى .

## ئوڭۇمدا كۆرەي

بىر تول ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ دەپتۇ :

— دائىم چۈش كۆرىمەن ، چۈشۈمدە بىر ئەر مېنى قۇچاقلاپ ئارام بەرمەيدۇ ، قانداق قىلىمەن ؟

دوختۇر : تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا چوڭ چاتاق يوق ئىكەن ، ئۇخلىتىش دورىسى ئىچىپ دەم ئالسىڭىز ياخشى بولۇپ كېتىسىز .

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئايال دوختۇرنىڭ يېنىغا يەنە كەپتىكەن ، دوختۇر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— قانداقراق ، دورا پايدا قىلدىمۇ ؟

— دوختۇر ، ھېلىقى ئەر كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى ، ماڭا ئۇخلاتمايدىغان دورا بەرسىڭىز .

## مۇناسىۋىتى

بىر يىگىت ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان سۆيگىنى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، مۇھاپىزەتچى يىگىتكە بىر جەدۋەلنى تولدۇرۇشقا بېرىپتۇ. يىگىت بىردەمدىلا تولدۇرۇپ بېرىپتۇ. مۇھاپىزەتچى جەدۋەلگە كۆز يۈگۈرتۈپلا يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— ھەي، «مۇناسىۋىتى» دېگەن كاتەكچىگە نېمىدەپ يازدىڭ؟

— تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىدىم، دەپ يازدىم.

— ھەي ئەخمەق، بۇ دېگەن سىڭلىڭمۇ، ھەدەڭمۇ، تۇغقىنىڭمۇ دېگەن سوئال.

— كەچۈرۈڭ، مەن ھېلىقى ئىشنى سورىغانمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

## مەن ساتىراش ئەمەس

دېڭىز بويىغا دەم ئالغىلى كەلگەن ئايال كاتتا مېھمانخانىغا چۈشۈپ ئەينەك ئالدىدا پەرداز قىلىۋېتىپ ئەينەكتىن بىر ئەر ئىشچىنىڭ دېرىزە سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ-دە، نېپىز ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا دېرىزىنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتۈپتۇ، لېكىن ئىشچى بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ، ئۇچىنچى قېتىم ئۇ قىپيالىڭاچ ھالدا دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئىشچىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋېتىكەن، ئىشچى ئايالنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە قارىۋېتىپ:

— خانىم، مەن ساتىراش ئەمەس، — دەپتۇ.

## ماغدۇر قالمىغاندا

بىر مومايىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپ كېلىنى ياشلا تۇل قاپتۇ. موماي كېلىنىگە نەسىھەت قىلىپ دەپتۇ:

— ياشلا تۇل قالدىڭ ، بولمىغۇر خىياللارنى قىلماي چۈشىڭنى چىشلەپ ياشىغىن .

ئۇزاق ئۆتمەي موماي بىر ئەر بىلەن تېپىشىۋاپتىكەن، كېيىن مومايىنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەسىھەت سۆزى بىلەن ئۇنى چىقىۋاپتۇ . خىجالەتتە قالغان موماي ئاخىر راستىنى ئېيتىپ دەپتۇ :

— چىشلىگۇدەك ماغدۇر قالمىغاندا ، بۇ ئەرنىڭ ئۇچراپ قالغىنىنى قارىمامسەن .

## بىرىنى قوغلىۋېتىڭلار

بىر قىرى قىز ھەم خۇشال ، ھەم خاپا ھالدا ساقچىخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئەرز قىپتۇ :

— ئۆيۈمگە ئىككى ناتونۇش ئەر كىرىۋېلىپ چىقمايۋاتىدۇ .

— ئۇلار سىزگە چېقىلمىغاندۇ ؟ — سوراپتۇ ساقچى .

— بىر - بىرىدىن تارتىنىپ چېقىلالمايۋاتىدۇ .

— ئۇنداقتا ، سىزنىڭ تەلىپىڭىز نېمە ؟

— ئىككىسىدىن بىرىنى ئۆيۈمدىن قوغلىۋەتسەڭلار .

## يوچۇقتىن كۆرۈپ تۇردۇم

ھانور ھىجايغان پېتى خىنىمنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا كىرىپتۇ ، بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن خىنىم كايىغان ھالدا :

— نېمىشقا ئىشىكنى چەكمەيسىز ، ھېلىمۇ ياخشى ئىچ كۆڭلىكىمنى كىيىۋالغاندا كىردىڭىز ، بولمىسا تازىمۇ سەت بولاتتى ، — دەپتۇ .

— مەن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان ، كىيىمىڭىزنى كىيگەندىن كېيىن ئاندىن كىردىم ، — دەپتۇ ھانور ھىجىيىپ .

# قايسىسىنى ياراتتىڭ

## تەمى قىچىپ كېتىدۇ

دادىسى قىزىدىن نېمىشقا توي قىلماي يۈرۈۋېرىسەن دەپ سوراپتىكەن، قىزى بەخىرامان ھالدا:

— نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىپ باقتىم، ھېچقايسىسى يارىمىدى، — دەپتۇ.

دادىسى: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، قىزىم، تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچراپ قالما يەنە.

قىزى: خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، دەريادا بېلىق تېخى جىق!

دادىسى: ئېسىڭدە بولسۇنكى، يەمچۈك سۇدا ئۇزاق تۇرسا، تەمى قېچىپ كېتىدۇ!

## يەنە بىرىنى مەن تاپاي

— ئاغىنە، مەن چىرايلىق بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. لېكىن، ئاددىي - ساددا بىر قىز ئىقتىسادىي جەھەتتە مېنى خېلىلا يۆلەپ كېلىۋاتىدۇ، زادى قايسىسى بىلەن توي قىلسام بولار؟

— ئەلۋەتتە ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن گۈزەل قىزنى ئالغىن، ئاغىنە. ھېلىقى، يەنە بىر قىزنىڭ ئادرېسىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە.

## مىك چۆچۈپ كەتتى

مارىيا بىلەن مىكنىڭ ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈۋاتقىنىغا خېلى

يىللار ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ياش قۇرامىمۇ بىر يېرىگە بېرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى كەچتە مارىيا ئېغىز ئېچىپ يىگىتىگە دەپتۇ:

— مىك، ئىككىمىزنىڭ توي قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان مىك بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك توۋلاپ كېتىپتۇ:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، مارىيا! يېشىمىز بۇ يەرگە يەتكەندە كىممۇ بىزگە تەكلىپ قويار؟

## ھازىرقىنى دەڭ

قىز: مېنىڭ دادام ياش ۋاقتىدا قالتىس يول تاپقانىكەن. دادامنىڭ قانداق باي بولغانلىقىنى دەپ بېرەيمۇ؟

يىگىت: مېنىڭ ئۇلارنى بىلگۈم يوق! دادىڭىزنىڭ ھازىر زادى قانچىلىك پۇلى بار، شۇنى بىلگۈم بار.

## قايسىسىنى ياراتتىڭ

قىز ئاپىسىغا دەپتۇ:

— بۈگۈن بىر يىگىت بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ دادىسى مىليونېر، تاغىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، ئاكىسى چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق كونسۇل ئىكەن. شەرت ـ شارائىتى كۆڭۈلدىكىدەكمىكەن، ئاپا؟

— خوش، قىزىم، سەن ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلەن توي قىلماقچى؟

## توي كېچىسىدە مۇشتلىشىش

ئا: توي مۇراسىمىدا نېمە ئۈچۈن قىز بىلەن يىگىت قول ئېلىشىدۇ؟



www.uyghurkitap.com

ب : بۇ دېگەن بىر ئادەت ، بوكسچىلارمۇ مۇشتلىششتىن ئاۋۋال قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇغۇ .

## كېيىنكىسىدە قورۇنمايمەن

ئېرى : توي مۇراسىمىدا ئەجەب قورۇنۇپ كەتتىڭىز ؟

خوتۇنى : تۇنجى تويۇم بولغاچقا سەل خىجىل بولدۇم ، كېلەر قېتىمدا ئۇنداق قىلمايمەن .

## ھاياجانلىنىپ كەتتى

— مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ دېرىزىسى يېنىغا كېلىپ مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتتۇدىم ، ئۇ قىز ماڭا گۈل تاشلىدى .

— ئۇنداق بولسا ، بېشىڭ نېمىشقا ئىششىپ قالدى ؟

— سۆيگىنىم ھاياجانلىنىپ كېتىپ گۈلنى تەشتەك بىلەنلا تاشلاپتىكەن .

## ياق ، ئۇنداق قىلماڭ

قىز : سىز نېمىشقا ھەدېسىلا قەسەم ئىچىۋېرىسىز ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق دېمەڭ !

يىگىت : خوپ ، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن قەسەم ئىچىدىغان بولسام ، ئەبەدىي كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي كېتەي !

قىز : ياق ، ياق ، ئۇنداق قىلماڭ !

## چوڭ ئادەم تۇغالمايمەن

ئىككى بويتاق ئەر - ئايال توي قىلىشماقچى بولۇپ ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىشىپتۇ . ئەر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ دەپتۇ :

— كەلگۈسىدە ئىككىمىز ناھايىتى باياشات ياشايمىز، مېنىڭ بۇ ئۆيۈمدە چوڭ ـ چوڭ ئەربابلار تۇغۇلغان.

ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەنسىرىگەن هالدا دەرهال:

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە تەگمەيلا قوياي، چۈنكى مەن چوڭ ئادەم تۇغالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قىزىمغا كېرەك نەرسە

قىزنىڭ دادىسى يىگىتكە دەپتۇ:

— قىزىمنى ئالماقچى بوپسەن، بىلىپ قويغىنكى، قىزىم ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بېرىسەن.

يىگىت: بولىدۇ، دادا، قىزىڭىز بۇ دۇنيادا ماڭا سەندىن باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس دەپ نەچچە قېتىم دېگەنىدى.

## يىقىن كەلمەك، ئۇيۇلۇۋاتىمەن

ئالىم بىلەن ئايىم رېستوراندا غۇۋا چىراغ يورۇقىدا تاماق يېگەچ ناھايىتى خۇشال مۇڭدىشىپتۇ. قايتىشقا ئاز قالغاندا ئالىم نېمىشقىدۇر ھودۇققاندەك، بىر گەپنى دېيەلمەيۋاتقاندەك ئايىمنىڭ يېنىغا شىپقاپ كېلىشىگە، ئايىم: «ئۇ مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ھوپپىدە قىزىرىپ دەپتۇ:

— ئۇيۇلۇۋاتىمەن، خەقلەر شۇنچە جىق تۇرسا.

ئالىم چىرايى تاتارغان ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋېتىپ دەپتۇ:

— مەن ئۇنداق قىلىشقا يېقىنلاشمىدىم، پۇلنى ياتاقتا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دېمەكچىدىم.

## چىراغنى ئۆچۈرمە دېسەم

ئاق تەنلىك يىگىت بىلەن ئاق تەنلىك قىز تويى قىلىپ

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بىر بالىلىق بوپتۇ. لېكىن، ئوغلىنىڭ چېچىمۇ، تېرىسىمۇ قاپقارا تۇغۇلۇپتۇ. بىر كۈنى دادىسى ئوغلىنى ئوينىتىۋېتىپ كۆڭلىگە بىر ئىش كېلىپ، خوتۇنىغا كايىپتۇ:

— بالىمىزنىڭ مۇشۇنداق تۇغۇلۇشىدا ھەممە خاتالىق سەندىن ئۆتتى. ھەر قېتىم بىز بىللە بولغاندا چىراغنى ئۆچۈرمە دېسەم زادىلا ئۇنىمىغانلىقىڭ، مانا شۇنىڭ ئاقىۋىتى!

## توي قىلماي بىللە ئۆتىمىز

ئىككى ئاغىنە توي توغرۇلۇق پاراڭلىشىپتۇ.

ئا: ئاڭلىسام، توي قىپسەنغۇ؟

ب: ھەئە.

ئا: ئەبەدىي توي قىلماي بويتاق ئۆتىمەن دېگەن ۋەدەڭدە تۇرماپسەن ـ دە.

ب: قايسى كۈنى تانسىدا بىر چىرايلىق قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش توي قىلمايدىغاندىن ئىكەن، ئىككىمىزنىڭ نىيىتى بىر يەردىن چىقىپ قېلىپ ئەبەدىي توي قىلماي بىللە ئۆتىدىغان بولدۇق.

## ۋىجدان ئازابى

— جىم، نېمە بولدۇڭ، كۆزۈڭ تازىمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇغۇ؟ — سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— سەيلە ـ ساياھەتتىن شۇ كېسەلگە قالدىم، ئاداش، — جىم شۇنداق دەپلا يەنە يىغلاپتۇ.

— نېمىشقا يىغلايسەن يەنە؟

— مېھمانخاندا بىر چىرايلىق خېنىم ئۇچراپ قالدى. ئىككىمىز بىرنەچچە رومكا ئىچىشكەندىن كېيىن قىزىقچىلىقتا بىللە ئۇخلاپ قاپتۇق. ئەتىگەن ئويغانسام، ھېلىقى خېنىم يوتقانغا پۈركىنىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ يېتىپتۇ، نېمە بولدى دېسەم، مېنىڭ

ئېرىم بار ئىدى، يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ قويۇپتىمەن دەيدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خوتۇن، بالىلىرىم ئىسمىگە قىلىپ مەنمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم.

— بىر كۈن يىغلىغانغا كۆزۈڭ شۇنچىۋالا قىزىرىپ كەتتىما؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بىر ھەپتە بىللە يېتىپ، بىللە يىغلاپ يۈردۇق. ۋىجدان ئازابى يامان ئىكەن.

## خۇش خەۋەرمۇ، شۇم خەۋەر

دوختۇر بىر ئايالنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ دەپتۇ:

— خانىم، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي.

— خانىم دېمەڭ، مەن تېخى قىز، — دەپتۇ ئايال.

— ئاپلا، كەچۈرۈڭ، ئۇنداق بولسا سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتاي، سىز ئېغىر ئاياغ بولۇپ قاپسىز.

— ۋىيەي، قايسى ئۆلگۈرنىڭ پۇشتىدۇ، بۇ! — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ قىز.

# مۇھەببەت ۋە توي

## توي خاتىرىسى

ئېرى : سۆيۈملۈكۈم ، تويىمىزنى خاتىرىلەپ سەن دېگەن زىننەت بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلدىم ، سەنمۇ ماڭا بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرەرسەن ؟

خوتۇنى : مەن سىزگە ئاتاپ ئاللىقاچان بىر تاغار سوپۇن پاراشوكى ئېلىپ قويغان .

## ئوتتۇز دوللار بېرىڭ

فىلىد ئۆزى ئاشىق بولۇپ قالغان قىزنىڭ ئىنىسىغا يالۋۇرۇپ دەپتۇ :

— ھەدەڭنىڭ ئالتۇن چېچىدىن ماڭا بىر تال ئەكېلىپ بەرسەڭ ، مەن ساڭا بەش دوللار بېرىمەن .

— ئوتتۇز دوللار بەرسىڭىز ، ھەدەمنىڭ يالغان چېچىنىڭ ھەممىسىنى ئەكېلىپ بېرىمەن .

## توي ئاخشىمى

سىز بىلەمسىز ، ھەرقايسى ئەل قىزلىرى توي ئاخشىمى بىللە ياتقاندا شام يورۇقىدا نېمىلەرنى دەيدۇ ؟

نېمىس قىزى : سۆيۈملۈكۈم ، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ ؟

فرانسۇز قىزى : مەن چىرايلىقمىكەنمەن ؟

ياپون قىزى : كەچۈرۈڭ ، ئوبدان كۈتەلمىدىم .

ئامېرىكىلىق قىز : قانداق ؟ ··· قانچە پۇلغا يارايدىكەن ، دوللار دەمسىز ياكى ئالتۇنمۇ ؟

ئەنگلىيىلىك قىز : بالىمىزنى قايسى مەكتەپتە ئوقۇتىمىز ؟

## سۇرەتكە چۈشۈش

قىز ، يىگىت توي كۈننى خاتىرىلەپ سۈرەتكە چۈشمەكچى بوپتۇ .

— ئەپەندىگە يېقىنراق كېلىپ ، قولىڭىزنى مۈرىسىگە قويۇڭ ، ھەببەللى ، ئەمدى تەبىئىي بولدى .

يىگىت سوغۇققىنا كۈلۈپ دەپتۇ :

— ئۇستام ، تېخىمۇ تەبىئىي بولسۇن دېسىڭىز ، ئۇ يانچۇقۇمغا قولىنى سېلىپ تۇرسۇن .

## بايرام ئۆتكۈزۈش

بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پاسخا بايرىمى يېتىپ كەپتۇ . بايرامنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمىگەن ئېرى خوتۇنىغا دەپتۇ :

— قوشنىلارنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ باققىنا ، ئۇلار بايرامنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىدىكىن ؟

خوتۇنى قوشنىسىنىڭ دېرىزىسىدىن قارىسا ، ئېرى خوتۇنىنى راسا ئۇرۇۋاتقۇدەك . خوتۇنى قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئېرى ئۇنىڭدىن سوراپتىكەن ، خوتۇنى گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئېرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ خوتۇننى راسا ئۇرۇپتۇ .

خوتۇنى ۋايجانلاپ يىغلاپ تۇرۇپ دەپتۇ :

— بايرامنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە مېنىڭدىن سوراۋېرىسىزغۇ .

## قېرى قىزنىڭ غەزىپى

بىر قېرى قىز ھەپتە دەم ئالماقچى بولۇپ، بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇ مېھمانخانا باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ كايىپ كېتىپتۇ:

— تازىمۇ ئۇيات ئىشقۇ بۇ! دېرىزىدىن ئۇدۇلدىكى ياتاققا قارىسام، بىر ئەرنىڭ قىپيالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقانلىقى كۆرۈندى...

دىرېكتور دەرھال خانىمنىڭ ياتىقىغا چىقىپ دېرىزىدىن قاراپ بېقىپ دەپتۇ:

— خانىم، مەن قاراپ باقسام، ئۇ كىشىنىڭ بېشىلا كۆرۈندىغۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغاندىم.

## ھەيران قالىسەن

ئىككى چوكان خارت ئىسىملىك ئەر خىزمەتدىشىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىپتۇ:

— ئۇ رەتلىك كىيىنىپ چەبدەس يۈرىدۇ، — دەپتۇ بىرى.

— توغرا ئېيتىسەن، — دەپتۇ يەنە بىرى، —كىيىمنىمۇ شۇنداق ئىتتىك كىيىدىكەنكى، ھەيران قالىسەن.

## قىز ئەپقېچىش

قىز بىلەن يىگىت بىللە قاچماقچى بوپتۇ. يىگىت ھەممىنى تەق قىلىپ بولۇپ قىزنى تۈۋلاپتۇ:

— تەييارلىقىمىز پۈتتى، چاپسان چىقىڭ.

— بوشراق ۋارقىراڭ، دادام ئاڭلاپ قالسا تۇگىشىمىز! —

www.uyghurkitap.com

پىچىرلاپتۇ قىز .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئىشىكنى دادىڭىز ئىچىپ بەردى . ئەگەر قېيناناڭنى بىللە ئېلىپ كەتسەڭ ، ساڭا 50 مىڭ تەڭگە بېرىمەن دېدى ئىنىم .

## تاغامغا تېگىشۋالدى

ئا : بىر مەن بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىمىدى .

ب : كۆڭلىنى ئالغۇدەك گەپ قىلمىغان ئوخشىمامسەن ؟

ئا : جەمئىيەتتە يۈز ـ ئابرۇيى بار مىليونىر تاغامنىڭ بارلىقىنى ، كېلەچىكىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىم .

ب : ئاخىر ماقۇل بولدىمۇ ؟

ئا : نەدىكىنى ! مېنى تاشلاپ تاغامغا تېگىشۋالدى ، هازىر ئۇ مېنىڭ يەڭگەم بولدى .

## تويدىن كېيىن

ئا : توي قىلغاندىن كېيىن قانداق ئۆتۈۋاتىسىلەر ؟

ب : تۇرمۇشىمىزدا ئۆزگىرىش بولدى .

ئا : قانداق ئۆزگىرىش ؟

ب : توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايتتى . شېرىن ئاي كۈنلىرى مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولدۇم . هازىر ئىككىلىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ كەتتۇق .

## يىغى بەلگىلىمە

بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن توي قىلىپ ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي

خوتۇنى ئېرىگە : «بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىمىز ‹مېنىڭ› دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، ‹بىزنىڭ› دېگەن سۆزنى ئىشلىتىمىز» دەپ شەرت قويۇپتىكەن، ئېرى ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى ئەر مۇنچىغا كىرىپ كېتىپ ئۇزاققىچە چىقماپتۇ. خوتۇنى ئەنسىرەپ :

— قەدىرلىكىم، نېمە قىلىۋاتىسىز، تېز چىقىڭ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئارقىدىنلا ئېرى دەپتۇ :

— سۆيۈملۈكۈم، مەن ھازىر بىزنىڭ ساقىلىمىزنى ئېلىۋاتىمەن !

## ساياھەتتىن كەلگەندە

يېقىنىنى كۆرەلمەيدىغان بىر قىز يىگىتى بىلەن توي قىلىپ شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سىرتقا سەيلىگە كېتىپ قايتىپ كەپتۇ، بۇنىڭدىن قىزنىڭ ئاپىسى ھەيران بولۇپ، شۇ ھامان دوختۇرغا تېلېفون بېرىپتۇ :

— دوختۇر، تېز كەلسىڭىز، خەتەرلىك ئىش يۈز بەردى. قىزىم كۆزەينىكىنى تاقىماي ئېرى بىلەن شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ساياھەتكە كەتكەنىدى، ھازىر قايتىپ كەلدى، قارىسام...

— خانىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دەپتۇ دوختۇر ئايالنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — قىزىڭىزنى دوختۇرخانىمغا ئەكېلىڭ، كۆزىنىڭ كېسەللى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، دەماللىققا خەۋپ يەتمەيدۇ.

— خەۋپلىك ئەمەس دېگىنىڭىز نېمىسى، دوختۇر ئەپەندى؟ — دەپتۇ ئايال چالۋاقاپ، — قىزىم بىلەن بىللە كەلگەن ئەر قىزىم بىلەن توي قىلغان ھېلىقى يىگىت ئەمەس !

## يەۋەتتىڭىزما

ئافرىقىدا ساياھەت قىلىپ يۈرگەن بىر ئامېرىكىلىق كىشى

ئايالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ چىرايلىق بىر قۇشنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ . ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپلا ئايرودرومدىن ئايالىغا تېلېفون بېرىپ سوراپتۇ :

— سۆيۈملۈكۈم ، سىزگە ئەۋەتكەن قۇش قانداق ئىكەن ؟

— ناھايىتى مەززىلىك ئىكەن .

— نېمە؟ يەۋەتتىڭىزما؟ ! — مەن ئۇ قۇشنى قىممەت باھادا سېتىۋالغانىدىم ، سۆزلىيەلەيدىغان قۇش ئىدى ئۇ !

— ۋىيەي ، شۇنچە ئەقىللىق بولسا ، نېمىشقا مەن يەۋېتىشتىن ئىلگىرى زۇۋان سۈرمەيدۇ؟

## كاپشىمىساڭ بولدى

خوتۇنى : سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلەپ نېمە سوۋغا قىلايكىن ؟

ئېرى : بىرەر سائەت كاپشىمىساڭلا بولدى .

## يېڭىچە سوۋغات

— ئايالىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە نېمە ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسەن ؟

— دائىم يېنىمدىن ئايرىمايدىغان ئوبدان نەرسە بولسىدى ، دېگەنىدى .

— ئۇنداق بولسا چوقۇم ئالتۇن زەنجىر ياكى ئالتۇن بىلەزۈك دەپتۇ ، ئېلىپ بەردىڭمۇ ؟

— ھەئە ، گۈللۈك قولياغلىقتىن بىرنى ئېلىپ بەردىم .

## گاز تېجەش

ئېرى : يېڭى تېپتىكى گاز ئوچاق ئادەتتىكى ئوچاقتا قارىغاندا گازنىڭ يېرىمىنى تېجەپ قالىدىكەن ، شۇڭا بىرنى سېتىۋېلىپ

ئەكەلدىم .

خوتۇنى : ياخشى ئىكەنغۇ ، نېمىشقا ئىككىنى ئالمايسىز ؟

— ئىككىنى ئېلىپ نېمە قىلىمىز ؟

— ئــىــكــكىسىنى ئىشلەتكەن بولساق ، گازنىڭ ھەممىسىنى تېجەپ قالاتتۇق ـ دە !

## يەنە چىينىقىڭ

بىر سىمىز ئايال ساناتورىيەدىن ئېرىگە مۇنداق تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ :

«چــىــنــىــقــىــۋاتقىنىمغا بىر ئاي بولدى ، ئېغىرلىقىم يېرىم چۈشتى ، ئۆيگە قايتايمۇ ؟ »

ئېرى ئۇنىڭغا جاۋابەن :

«يەنە بىر ئاي چىينىقىڭ» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ .

## سىلىق تەنە

ئېرى ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرىشىگە خوتۇنى دەپتۇ :

— زالــىــڭ ئىشكى ئېچىلىشى بىلەنلا سىزنى كەلدى دەپ ئويلىغانىدىم .

— قانداق بىلىۋالدىڭ ؟

— بۇ بىنادا پەقەت سىزلا ئىشكنى تېپىپ ئاچىسىز .

## كىمنى قۇتقۇزۇش كېرەك

بىر ئائىلە كىشىلىرى قېيىقتا سەيلە قىلىپ يۈرگەندە ، خوتۇنى ئېرىدىن سوراپتۇ :

— ئەگەر مۇشۇ قېيىق ئاغدۇرۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ كەتسەك ، سىز بالىمىزنى قۇتقۇزامسىز ياكى مېنىمۇ ؟

ئېرى : ئۆزۈمنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## داداڭ چۈشسە مەيلى

ئوغلى : ئاپا ، مەنمۇ كۆلگە چۈشۈپ ئۈزۈپ ئوينايمۇ؟
ئاپىسى : ياق ، بالام ، كۆل ناھايىتى چوڭقۇر .
ئوغلى : دادام چۈشۈپ كەتتىغۇ ئەنە؟
ئاپىسى : داداڭ چۈشسە مەيلى ، ئۇ ئۆزىنى سۇغۇرتىغا تىزىملاتقان .

## ئېسىدە ساقلىماقچى

پروفېسسور ھەيران بولۇپ خوتۇنىدىن سوراپتۇ :
— نېمىشقا يېزىق ئۈستىلىمگە ئەتىرگۈل قويۇپ قويدۇڭ؟
خوتۇنى : بۈگۈن سىزنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنىڭىز .
پروفېسسور : مۇنداق دېگىن ، مەنمۇ سېنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنۈڭنى ئېسىمدە تۇتۇپ ، شۇ كۈنى ساڭا ئوبدان بىر نەرسە سوۋغا قىلاي .

## كىتابقا قاراپ تاماق ئېتىش

ئېرى : گۆشنى ئوبدان پىشۇرماپسەن ، قازان نىنىڭمۇ خام .
خوتۇنى : مەن كىتابتا يېزىلغان بويىچە پىشۇردۇم . كىتابتا تۆت كىشىلىك تاماقنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى يېزىلىپتۇ . بىز ئىككى كىشى بولغاندىكىن ، تۆت كىشىلىك نەرسىنىڭ ھەرقايسىسىدىن يېرىمىنى ئېلىۋەتتىم . پىشۇرغان چاغدىمۇ ئوتۇننىڭ يېرىمىنى قالدىدىم .

## كۆيۈنۈش

ئېرى ئۇخلاۋاتقان خوتۇنىنى نوقۇپ ئويغىتىپ :
— تۇر ، تۇر ! ئويغانساڭچۇ ، ئەزىزىم ! — دەپتۇ .

خوتۇنى ئويغىنىپ سوراپتۇ:
— نېمە ئىش بولدى؟
— ئۇخلىتىش دوراڭنى ئىچىشنى ئۇنتۇپ قاپسەن.

## خۇداغا شۈكۈر

ئېرى: مەن بىر كىتاب سېتىۋالغاندىم، ئۇنىڭدا «دادا ئەقىللىق بولسا، بالىلارنىڭ ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدۇ» دەپ يېزىلىپتۇ.
خوتۇنى: خۇداغا شۈكۈر، بالىمىزغا توسالغۇ بولمىغۇدەكسەن.

## مەززىلىك تاماق

ئېرى خوتۇنىغا دەپتۇ:
— سەن نېمىشقا ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلىكى ھۆرۈنلارغا تاماق بېرىۋېرىسەن، يا ئۇلار ساڭا قىلچە ئىش قىلىپ بەرمىسە؟
— سىز دائىم مېنىڭ ئەتكەن تامىقىمنى ئوخشماپتۇ دەپ يېمەيسىز، قاراڭ ئۇلارنىڭ تالىشىپ يەۋاتقىنىنى.

## كېيىنكى ئىشلار ئۇستىدە

خوپىسىر خوتۇنىدىن سوراپتۇ:
— سۆيۈملۈكۈم، كەلگۈسىدە سىنىڭ ئابىدە تېشىڭغا نېمىدەپ خەت ئويدۇرسام بولار؟
خوتۇنى: «بىچارە لىنانى ئېرى ئۇزاق يىللار يالغۇز تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر قەبرىدە بىللە يېتىشتى» دەپ يازدۇرۇپ قويساڭلا كۇپايە.

## گۆشنان

ئېرىنىڭ دائىم يېرىم كېچىدە ئۆيگە كېلىشىدىن بىزار بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

خوتۇنى بىر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا توڭلاتقۇ ئىشىكىگە مۇنداق خەت يېزىپ قويۇپتۇ :

«سەن لالمىغا پىشۇرۇپ قويغان گۆشنان قانچىلىك قورسىقىدا !»

## بىر مىنۇتتىلا چىقىمەن

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاشپۇزۇلغا بېرىپ تاماق يېمەكچى بوپتۇ ، لېكىن خوتۇنى ئۇزاققىچە ئۆيدىن چىقماپتۇ ، بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ئېرى ئۇنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ :

— ھەي ، قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دېدىم ، قاچانغىچە پەردىزىڭ تۈگىمەيدۇ ؟

— جېنىم ، مەن سىزگە دېگىلى بىر سائەت بولدىغۇ ، بىر مىنۇتتىلا چىقىمەن دەپ .

## خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ

ئا : ئاڭلىشىمچە ، جونسۇن ئەپەندى بالىنىستا يېتىپ قاپتۇ - ھە ؟

ب : بالىنىستا يېتىپ قاپتۇما ؟ تۇنۇگۇنلا ئۇنىڭ بىر خېنىم بىلەن «بىرلىيانت دۇنياسى» ماگىزىنىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىمغۇ .

ئا : شۇنىڭ كاساپىتى ، خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ .

## ۋەسىيەت

بايۋەچچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا ياش خوتۇنىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ :

— مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سىز ياتلىق بولىۋېرىڭ .

خوتۇنى : ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ !

— كـىيـىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىڭ، تېتىك يۈرسۇن.

— بولدى گەپ قىلماڭ، — دەپتۇ خوتۇنى يىغلاپ، — ياق، بولمايدۇ.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— سىز ئوتتۇرا نومۇرلۇق كىيىم كىيسىز، ئۇ دېگەن چوڭ نومۇرلۇقنى كىيىدۇ ئەمەسمۇ.

## تارتىنچاق ئەر

قىزى ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

— دادام ئىلگىرى تارتىنچاقمىدى؟

— سورىمايلا قوي، قىزىم، ئەگەر ئۇ تارتىنچاق بولمىغان بولسا، سەن ھازىرقىدىن ئاز دېگەندە تۆت ياش چوڭ بولاتتىڭ.

## ھەمراھ بولماقچىمەن

ھەربىي پاراخوت سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا بىر خانىم ئېرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، مەجبۇرىي دېگۈدەك خوشلىشىپتۇ. شۇ پەيتتە بىر ھەربىي ئاپشاركا پاراخوتقا سەكرەپ چىقىۋاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن خانىم كاپىتانغا كايىپ:

— ئـىـت چـېـغـىـدا پاراخوتقا چىقىپ خوجايىنىغا ھەمراھ بولىدىكەنۇ، مەن نېمىشقا ئېرىمگە ھەمراھ بولمايدىكەنمەن؟ — دەپتۇ.

— بىلىشىڭىز كېرەككى، خانىم، — كۇلۇپ تۇرۇپ جاۋاب بـېـرىپتۇ كاپىتان، — ئۇ ئىتنى پاراخوتىكى ھەرقانداق كىشى زېرىككەن چاغلىرىدا ئەركىلىتىپ ئوينايدۇ…

## تەمتىرەپ كەتمەيدۇ

ئايال: دوستۇم، سىز ئۆي خىزمىتىگە نېمىشقا ئۆيلەنمىگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىگىتنى ئالماي، ئۆيلەنگەن ئەرنى ئالدىڭىز؟
دوستى: ئۆيلەنگەن ئەرچۇ قارا، ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشقا بۇيرۇساڭ تەمترەپ كەتمەيدۇ.

## دىققەت قىل دېگەن

— سارا، سىز نېمىشقا ئەينەككىلا قارايسىز؟
— خوتۇنىڭىز ماڭا سىز بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل دېگەن.

## ھەممىسى ئاشنىسى ئىكەن

ئەر: ماروژنى ساتىدىغان يىگىتنىڭ بايا دېيىشىچە، بۇ كوچىدىكى بىر ئايالدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىكەن.
ئايال: شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم يان تەرىپىمىزدىكى قوشنا ئايال، ئۇ تازىمۇ ھاكاۋۇر ئىكەن.

## پەرق ئېتىش ئۇسۇلى

— ۋاشا، خوتۇنۇڭ سىڭلىسىغا تازىمۇ ئوخشايدىكەن، خوتۇنۇڭنى قانداقمۇ پەرق ئېتەلەيدىغانسەن؟
— ناھايىتى ئاددىي، ئۇقۇشماي سىڭلىسىنى سۆيۈپ قالسام، خوتۇنۇم شۇ ھامان مەن بىلەن جىدەللىشىدۇ! ...

## ياش خوتۇن ئېلىش چارىسى

ئاتمىش بەش ياشلىق ئاتاقلىق ئارتىس ئادىن يېقىن دوستىغا مەسلىھەت ساپتۇ:
— مېنىڭ بەش يۈز مىڭ يۈەن پۇلۇم بار. يېقىندىن بېرى

ياش بىر چوكانغا كۆيۈپ قالدىم . ئەگەر ئۇنىڭغا ئەللىك ياشقا كىردىم دېسەم ، ئۇنىڭ بىلەن تويلىشىش ئىمكانىيىتىم چوڭراق بولارمىكىن دەيمەن ، سېنىڭچە قانداق بولار ؟
— مېنىڭچە ، — دەپتۇ ئاغىنىسى ، — سەن ئۇنىڭغا ئەللىك ياشقا ئەمەس ، سەكسەن ياشقا كىردىم دېسەڭ ، توي قىلىش ئىمكانىيىتىڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ .

## كۆڭلىنى چۈشەندۈرەلمەي

بىر كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سەكسەن بەش ياشلىق بىر موماي توقسان ياشلىق بىر بوۋاي بىلەن تويلىشىش نىيىتىدە بىر ئاخشىمى ئۇچرىشىپتۇ . لېكىن ، موماي ئۆيگە ناھايىتى خاپا ھالدا قايتىپ كېتىپتۇ . ئاپىسىنىڭ كەيپىنىڭ ناچارلىقىنى سەزگەن قىزى سوراپتۇ :
— نېمە ئىش بولدى ، ئاپا ؟
— ئۇنىڭ كاچىتىغا راسا سالدىم ، ئوت چىقىرىۋەتتىم !
— ئۇ كىشى سىزنى رەنجىتىپ قويدىما ؟
— ياق ، بۇتتەك ئولتۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان دۆت بىر نېمە ئىكەن ئۇ .

## خاتىرجەم بولۇڭ

يىگىت : ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپلا ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇۋاتىسىز ، سەل يېنىكلىك قىلىۋاتامسىز قانداق ؟
قىز : خاتىرجەم بولۇڭ ، دادىڭىز پۇل قويۇۋاتقان بانكىدا ئىشلەۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى دەڭە !

## قاچان بارغان

چۈشلۈك تاماقتا خوتۇنى ئېرىگە دەپتۇ :

www.uyghurkitap.com

— بۈگۈن ئەلىننى كۆرۈپ كەلدىم، ئۇ سىزنى قاتتىق خورەك تارتىدۇ دېدى، قىزىق، قايسى چاغلاردا ئۇنىڭكىگە بىرىشقىلا چولىڭىز تەگدى؟

— سەن يامانلاپ ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە كەتكەندە.

## ئىش تەقسىماتى

جونسون ئائىلە ئەھۋالىنى ئاغىنىسىگە چۈشەندۈرۈپ دەپتۇ:

— ئائىلە ئىشلىرىنى ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بۆلۈشۇۋالغان.

— سەن قايسى ئىشلارنى باشقۇرىسەن؟

— باللارنى، ئائىلە خىزمەتچىسىنى باشقۇرىمەن.

— خوتۇنۇڭچۇ؟

— خوتۇنۇم پۇلنى، مېنى باشقۇرىدۇ.

## بۇنىڭدىن كېيىن

ياش ئەر - خوتۇن ئۆيدە جېدەللىشىپ خوتۇنى ئېرىگە كايىپ كېتىپتۇ:

— سەن شۇنداق شەخسىيەتچى ئىكەنسەنكى، ھەدېسىلا «مېنىڭ مائاشىم، مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ خوتۇنۇم، مېنىڭ، مېنىڭ ...» لا دەيسەن! بۇنىڭدىن كېيىن «بىزنىڭ» دەپ گەپ قىلىسەن، بىلدىڭمۇ؟

— ھەي، ئىشكاپنى ئاختۇرۇپ نىمە ئىزدەۋاتىسەن؟!

— بىزنىڭ كۇسىرىمىزنى ئىزدەۋاتىمەن، خوتۇن!

## ئۆزىنى زىننەتلەش

خوتۇنى: مەن پىئانىنو چېلىشقا شۇنداق ئۇستا بولغاندا، مۇزىكا پىشۋالىرىدىن بىرىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆيگە تىزىپ، ئۆيۈمگە تېخىمۇ زىننەت كىرگۈزسەم قانداق دەيسىز؟

ئېرى : ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن .

خوتۇنى : قايسىنىسىنىڭ ھەيكىلىنى زاكاز قىلاي ، مۇزارتنىڭكىنىمۇ ، بېتخوۋېننىڭكىنىمۇ ياكى باشقا مۇزىكانتلارنىڭكىنىمۇ ؟

ئېرى : ئەلۋەتتە بېتخوۋېننىڭكىنى ـ دە .

خوتۇنى : ئۇ قانداق ئادەم ئىدى ؟

ئېرى : ئۇ گاس ئىدى .

## ئاجايىپ كەمتەرلىك

ئا : مەرھەمەت ، ئەپەندى .

ب : ياق ، سىز ئالدىدا مېڭىڭ .

ئا : رەھمەت ، لېكىن مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ يەردىلا .

ب : مېنىڭمۇ مۇشۇ يەردىلا ، قارىسام ، سىزنىڭ ئىشىڭىز ئالدىراشتەك تۇرىدۇ .

ئا : راست دەيسىز ، مەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تېلېفون بېرىپ قويغانىدىم ، بىراق سىزنىڭمۇ ئىچىڭىز تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ دەيمەن .

ب : مەن خوتۇنۇمغا دورا ئالماقچىدىم ، يەنىلا سىز ئالدىدا ماڭسىڭىز بولغۇدەك .

ئا : ھەرگىز بولمايدۇ ، ھەرگىز ! مېنىڭ ئۆيۈمگە ئوت كەتتى شۇ . لېكىن ، خوتۇنىڭىز ۋاقتىدا دورا ئىچمىسە ئۆلۈپ كېتىدۇ . يەنىلا سىز ئالدىدا مېڭىڭ .

ب : سىزگە دېسەم ، خوتۇنۇمنىڭ يالغان ئاغرىپ مېنى قىينايدىغان ئادىتى بار . نېملا دېگەنبىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇھىم . مانا ، مانا ، كۆيۈك ھىدى پۇراۋاتىدۇ . تېز مەرھەمەت قىلىڭ !

ئا : ياق ، ياق ، مېنىڭ ئۆيۈم ئۇچ ئېغىز ، ھەممىسىگە تۇتىشىپ كەتمىدى تېخى . سىزنىڭ بىرلا خوتۇنىڭىز بار ـ دە !

ب : مۆھتەرەم ئەپەندى ، خوتۇنىڭىز قارىغاندا يېڭى ئۆيگە ئېرىشمەك قىيىن . ياخشىسى سىز ئاۋۋال مېڭىلى .

ئا : يەنىلا سىز ئالدىدا ماڭغىنىڭىز تۈزۈك ، مەن مۇئەللىمنى سۇغۇرتىغا تىزىملاتقان .

ب : تويى قىلىش ئالدىدا خوتۇنۇممۇ ئۆزىنى ئۆزۈن ئۆيۈر سۇغۇرتىسغا تىزىملاتقانىكەن ، سۇغۇرتا پۇلى يۈز مىڭ يۈەن دەگە . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن خاتىرجەم ، سىز ئالدىدا مېڭىۋېرىڭ !

www.uyghurkitap.com

# قوشنىلار سۆيۈشىدىكەن

## پەرىشتە قانداق بولىدۇ

ئوغۇل : ئاپا ، پەرىشتە دېگەن قانداق بولىدۇ ؟
ئانا : قانىتى بار ، ئاسماندا ئۇچالايدىغان بولىدۇ .
ئوغۇل : ئەجەب ـ ھە ، تۈنۈگۈن دادام ئۆيىمىزدىكى خىزمەتكار جېنىنى «سەن مېنىڭ پەرىشتەم» دېدى . بىراق ، جېنى ئۇچالمايدىغان تۇرسا ؟
ئانا : خەپ توختا ، بۈگۈنلا ئۇنى ئۇچۇرۇۋېتەمەيدىغان بولسام !

## دەرد تۆكۈش

بىر ئەر ئاغىنىسىگە دەرد تۆكۈپ مۇنداق دەپتۇ :
— خوتۇنۇم مەن بىلەن ئەپ ئۆتەمەس بولۇۋالدى .
ئاغىنىسى : چاتاق ئۆزۈڭدىغۇ دەيمەن ؟
ئەر : مەندە ھەرگىز چاتاق يوق ، مەن ھەرقانداق ئايال بىلەن ئەپ ئۆتەلەيمەن . مەسىلەن ، ھازىر مېنىڭ تۆت ئاشنام بار ، ھەممىسى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن .

## تولۇپ قالسام

خوتۇنى : ماڭا پەلتو ئېلىپ بېرىشكە چىدىمايۋاتىسىز ـ ھە ؟ تالا سوغۇق ، تولۇپ ئۆلۈپ قالسام ، مېنى كۆمۈش ئۈچۈن پەلتوغا خەجلىگەن پۇلدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇل چىقىم قىلىسىزغۇ !
ئېرى : كۆمۈش ، يەرلىككە قويۇش دېگەن بىرلا قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولىدىغان ئىش ـ دە .

## ئۇزاق ساقلاتمايدۇ

بىر ئايال دىرېكتورنىڭ كاتىپىدىن سوراپتۇ :
— دىرېكتورىڭلار قېنى ، كۆرۈشەي دېگۈيدىم .
— ۋىيەي ، ئەجەب چىرايلىق ئىكەنسىزا ، بىزنىڭ دىرېكتور چىرايلىق ئاياللارنى ئۇزاق ساقلاتمايلا كۆرۈشىدۇ ، مانا ھازىر …
— شۇنداقمۇ ! — دەپتۇ ئايال غەزەپ بىلەن ، — ئەمىسە خوتۇنىڭىز كەلدى دەپ ئۇنىڭغا ئېيتىڭ .

## سىڭىلنىڭ خوتۇنۇڭچۇ

بىر ئەر ئاغىنىسىگە ھال ئېيتىپ دەپتۇ :
— قارىمامسەن ، ئاغىنە ، خوتۇنۇم مېنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ ، سېنىڭ خوتۇنۇڭچۇ ؟
ئاغىنىسى : خوتۇنۇم بىلەن سەن توغرۇلۇق تېخى سۆزلىشىپ باقمىدىم .

## قوشنىلار سۆيۈشىدىكەن

سىمىس خېنىمنىڭ قوشنىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇن كۆچۈپ كەپتۇ . سىمىس خېنىم ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىرنەچچە كۈن كۆزەتكەندىن كېيىن ئېرىگە دەپتۇ :
— بارىن ، ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ئەر كىشى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا ، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندە خوتۇنىنى سۆيۈپ قويىدىكەن ، سەنمۇ شۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ ؟
ئېرى : مەن ئۇ ئايال بىلەن تېخى تونۇشمىغان تۇرسام .

## تېخىمۇ قىزىقىنى ئېيتىپ بېرەي

ئېرى : سەن ئاپامغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتىكەنسەن ، كۈلۈپ ئۆلگىلى تاس قالدىم دەيدۇ .

خوتۇنى : ئاپىڭىز نەدە ھازىر ، ئۇنداق بولسا مەن تېخىمۇ قىزىقىنى ئېيتىپ بېرەي .

## سول قۇلىقىم ياخشى ئىكەن

خوتۇنى : ماڭا مىڭ يۈەنلىك پەلتو ئېلىپ بەرسىڭىز ؟

ئېرى : نېمە دېدىڭىز ؟ سول قۇلىقىم سەل ئېغىر .

خوتۇنى ئوڭ قۇلىقىغا ۋارقىراپ دەپتۇ :

— ماڭا ئىككى مىڭ يۈەنلىك پەلتو ئېلىپ بېرىڭ !

— تېخىمۇ ئاڭلىيالمىدىم ، يەنىلا سول قۇلىقىم ياخشى ئىكەن .

## ھازىرقى يېڭى مودا

مودا ئايال : سىز نېمىشقا مەن بىلەن توي قىلمايسىز ؟

ئەر : ئاڭلىشىمچە ، سىز بىر ھەپتە ئىچىدە نەچچە مىڭ يۈەنلىك كۆڭلەك كىيىدىكەنسىز ، مېنىڭ ئۇنداق جىق پۇلۇم يوق .

مودا ئايال : ۋىيەي ، ئەنسىرىمەڭ ، ھازىر پەقەت قىسقا كۇسار كىيىش مودا بولدى .

## ئوغرىدىن ساقلىنىش كىيىمى

ئا : ئايالىم تىكىپ بەرگەن ئوغرىدىن ساقلىنىش كىيىمىنى كىيىۋالغاندىن بېرى ، پۇلۇم يىتمەيدىغان بولدى .

ب : نۇسخىسىنى ماڭا سىزىپ بەرگىنە ، مەنمۇ بىرنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىكتۇرۇپ كىيەي.

ئا : پاسون جەھەتتە سىنىڭ ئۇستۇڭدىكى كىيىم بىلەن ئوپئوخشاش ، بىرلا پىرى يانچۇقى يوق .

## ئۆزۈم بىرىپ تۇرۇۋاتىمەن

موماينىڭ قىزى باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ ئولتۇرماقچى بولۇپ ، ئاپىسىغا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ئاران ماقۇللۇقىنى ئاپتۇ . موماي قىزىغا مۇنداق شەرت قويۇپتۇ :

— ئۆز ئالدىڭغا ئۆي تۇتساڭ بولىدۇ . لېكىن ، ئەر خەقنى ھەرگىز بوسۇغاڭغا دەسسەتكۈزمەيسەن .

قىزى شەرتكە ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاپىسىغا تۇرمۇشىدىن دوكلات قىپتۇ :

— ئاپا ، ھېچقانداق ئەرنى ئۆيۈمگە كىرگۈزمىدىم ، پەقەت ئۆزۈملا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرىپ تۇرۇۋاتىمەن .

## بىردەمدىلا يىقىلىپ چۈشىدۇ

مەلۇم كۇلۇب سىجون ئەپەندىنى جىنسىي تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ . ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن خوتۇنىغا ئات مىنىش توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم ، دەپ يالغان ئېيتىپتۇ .

ئەتىسى ، تۇتۇقنى ئاڭلىغان بىرىنىڭ خوتۇنى سىجوننىڭ خوتۇنىغا دەپتۇ :

— پاھ - پاھ ، ئېرىڭىز تۈنۈگۈن كۇلۇبتا قالتىس ياخشى سۆزلەپتۇ - ھە ؟ ئېرىڭىزنى بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىس ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ خەقلەر .

— شۇنداق دەمدۇ ؟ مېنىڭچە ، ئۇنچىۋالا ئەمەس ، مىنىشنىغۇ مىنىدۇ ، بىراق بىردەمدىلا يىقىلىپ چۈشىدۇ.

## مەستلىكى يېشىلسە

يىگىت بىلەن قىز نىكاھ ئىشلىرىنى بىجىرىش ئورنىغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. لېكىن، يىگىت مەست بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىش بىجىرگۈچى يىگىتنىڭ مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن كېلىڭلار، دەپتۇ. لېكىن، قىز يالۋۇرۇپ:

— ئامال قىلالمىدىم، رەھىم قىلىپ ياردەم قىلسىڭىز، ئەگەر مەستلىكى يېشىلسە ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ، — دەپتۇ.

## بىراقلا ئۆلسۇن

بىر يەھۇدىي ئىككى تاۋۇز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئاغىنىسى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ھايىن، تاۋۇزۇڭنىڭ بىرىنى ماڭا بەرگىنە.

— ئامالسىزمەن، ئاغىنە، خوتۇنۇم سارالىى «بىر تاۋۇز ئۈچۈن يېرىم جېنىمنى بېرەتتىم» دېگەنىدى، مانا مۇشۇ ئىككى تاۋۇزنى ئاپىرىپ بېرەي ـ دە، بىراقلا ئۆلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۆي ۋە كوچىدىكى پاراڭلار

## ئۆزىڭىزنىڭ شولىسى

ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى كۆرگەزمىخانىغا كىرىپ گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى تاماشا قىپتۇ . بىر چاغدا خوتۇنى ئېرىگە دەپتۇ :

— قاراڭە ماۋۇ سۈرەتكە ، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق سەت ئايالنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم .

ئېرى دەرھال خوتۇنىنىڭ پېشىنى تارتىپ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ :

— ئەزىزىم ، ئۇنداق دېمەڭ ، ئۇ سىزنىڭ ئەينەكتىكى شولىڭىز .

## پوپنىڭ ھېكايىسى

سەكسەندىن ئاشقان سېمىز ياش بىر چوكانغا ئۆيلىنىپ ، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ . لېكىن ، سېمىز دەرگۇماندا بولۇپ مەشھۇر يەھۇدىي پوپقا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ دەپتۇ :

— رابىل جانابلىرى ، مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟

— مەنمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن ، مەن سىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پوپ ، — بۇرۇنقى زاماندا ئافرىقا قومۇلۇقىدا بىر ئادەم كونۇلۇك تۇتۇپ كېتىۋاتقانىكەن ، توساتتىن ئالدىغا بىر شىر چىقىپ قاپتۇ . ئۇ ئادەم دەرھال كونۇلۇكنى يىغىپ مىلتىقنى ئېلىپ شىرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن

قارىغا ئالغانىكەن ، «پاك» قىلغان ئوق ئاۋاز چىقىپتۇ ـ دە ، شىر يەرگە يىقىلىپتۇ .

— مۇمكىن ئەمەس ، — دەپتۇ سىمىر .

— بۇ راست بولغان ئىش ! بىلىشلىرى كېرەككى ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدا مىلتىقلىق ئوۋچى بار ئىدى ، مىلتىقنى شىرغا تەڭلىگەن چاغدا ئوۋچىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوق ئۈزگەن .

## ئىقرار بولۇش

ئەنگلىيە پادىشاھى ۋىكتورىيە خانىم بىر كۈنى ئېرى بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئېرى ھۇجرىغا كىرىپ كېتىپ ئىشىكنى تاقىۋاپتۇ . پادىشاھ ھۇجرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىشىكنى چېكىپتۇ :

— مەن ، ئايال پادىشاھ .

ھۇجرىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن پادىشاھ ئىشىكنى يەنە چېكىپتۇ .

— كىم ؟

— مەن ، ۋىكتورىيە .

ھۇجرىدىن يەنە ھېچقانداق شەپە چىقماپتۇ . پادىشاھ ئىشىكنى يەنە چېكىپتۇ .

— كىم ؟

— مەن ، خوتۇنىڭىز ، — مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ . شۇ جاۋابتىن كېيىن ئېرى ئىشىكنى ئېچىپتۇ .

## پىخسىققا جاۋاب

بىر ئەر چوڭ ماگىزىنغا كىرىپ ئىككى سائەتچە ئايلىنىپ ماللارنىڭ باھاسىنى سوراپتۇيۇ ، لېكىن ئالماپتۇ . ئاخىر ئۇ مال ساتقۇچى خانىمدىن مەسلىھەت سوراپتۇ :

— ئەگەر سىز مېنىڭ خانىمىم بولسىڭىز ، توي

قىلغانلىقىمىزنىڭ خاتىرە كۈنى ئۈچۈن نېمە تەقدىم قىلسام خۇشال بولاتتىڭىز ؟

ئەرنىڭ پىخسىقلىقىدىن بىزار بولغان خانىم دەپتۇ:

— ئاجرىشىش خېتى !

## ياخشى ئىش قىلىش

خوتۇنى : ئۆمرىڭىزدە قىلغان ئەڭ ياخشى ئىشىڭىز قايسى ؟

ئېرى : سېنى نىكاھىمغا ئالغانلىقىم .

خوتۇنى : نېمىشقا ؟

ئېرى : باشقا ئەرلەر سېنى ئالمايتتى .

## كىم ئۈمىدسىز قالدى

خوتۇنى سورىدى :

— مەن سىز بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قانچىلىغان يىگىتلەر ئۈمىدسىزلىنىپ قالغاندۇ ؟

ئېرى : پەقەت مەن .

## ئاشخانىغا چىق

خوتۇنى : ئەزىزىم ، ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ، شۇ كۈنى مەن ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان بىرەر يېڭى ئىشنى قىلاي دەيمەن . مودا قىز بولۇپ باقسام چىقىپ سەھنىگە قانداق دەيسىز ؟

ئېرى : ئاشخانىغا چىققىن ، سۆيۈملۈكۈم ، سەن قىلىپ باقمىغان ئىشلار ئۇ يەردە جىق .

## تۇغۇت كۈنىنى ھېسابلاش

يىگىت ، قىزنىڭ توي قىلغىنىغا ئۈچ ئاي بولغاندا خوتۇنى

ئېرىگە دەپتۇ :

— تۇغىدىغاندەك قىلىمەن ، تېز تەييارلىق قىلىڭ .

— ئايال خەق توققۇز ئايدىن كېيىن تۇغىدىغان تۇرسا ، ئۈچ ئاي بولار ـ بولمايلا تۇغىمەن دەيسەنغۇ ؟ — ھەيران قېلىپ سوراپتۇ ئېرى .

— مەن سىزگە تەگكىلى ئۈچ ئاي بولدىمۇ ؟

— ھەئە ، ئۈچ ئاي بولدى .

— سىز مېنى ئالغىلى ئۈچ ئاي بولدىمۇ ؟

— ھەئە ، توغرا ئېيتتىڭ .

— سىزدىن يەنە بىر گەپنى سوراي ، — دەپتۇ خوتۇنى قورسىقىنى كۆرسىتىپ ، — بالا قورساقتا پەيدا بولغىلى قانچە ئاي بولدى .

— ئۈچ ئاي بولدى .

— خوش ، ئۈچ ئاينى قوشۇپ ساناڭە ، توققۇز ئاي دېگەن شۇ ئەمەسمۇ .

## خوتۇنىدىن سوراش

— خوجايىن ، خوتۇنۇم سىزنى ئىش ھەققىمنى ئۆستۈرۈپ قويسۇن ، دەيدۇ .

— خوتۇنۇڭ شۇنداق دېدىما ؟ بوپتۇ ، مەنمۇ خوتۇنۇمدىن سوراپ باقاي .

## نېمە دېسەم بولار

يېڭى توي قىلغان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ياتقاچ مۇڭدىشىپتۇ . بىر چاغدا خوتۇنى :

— سۆيۈملۈكۈم ، بىز جاپانىمۇ ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرىمىز دېيىشكەندۇققۇ ، شۇڭا نېمە قىيىنچىلىقىڭىز ، قانداق دەردىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

بولسا ماڭا ئېيتىڭ ، — دەپتۇ .
— ھەي ، نېمە دېسەم بولار ؟
— نېمە بولسا شۇنى دېمەمسىز .
— ئاشنام ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدى .

## ساختا پىكاپ يوق ئىكەن

ئېرى خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ زەنجىر ، مېدالىئون تەقدىم قىپتىكەن ، خوتۇنى خۇشاللىقىنى سىغدۇرالماي ئېرىگە دەپتۇ :
— بەك ئېسىل ، بەك قىممەت نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپسىز ، كۆپ رەھمەت ، ئەگەر مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا بىرەر پىكاپ ئالغان بولسىڭىز ، ئىككىلىمىز تەڭ ئىشلەتكەن بولاتتۇق .
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم ، لېكىن ساختا پىكاپ يوق ئىكەن .

## قايسىسى پىخسىق

يەھۇدىي قىزى سارالى ئىسھاققا دەپتۇ :
— كەچتە ئۆيۈمگە كەل ، ئېرىم ئۆيدە بولمايدۇ .
— ئېرىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى قانداق بىلىمەن ؟
— مەن دېرىزىدىن تەڭگە تاشلايمەن ، شۇنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىدىن بىلىۋال .
ئىسھاق قاراڭغۇ چۈشكەندە دېرىزە تۈۋىگە كەلگەندە ، سارالى تەڭگىنى تاشلاپتۇ . لېكىن ، ئون نەچچە مىنۇت ئۆتكەن بولسىمۇ ئىسھاق ئۆيگە كىرمەپتۇ . تەقەززا بولغان سارالى ئاخىر بالكونغا چىقىپ توۋلاپتۇ :
— ئىسھاق ، قەيەردە سەن ؟
— مانا ، مۇشۇ يەردىمەن .

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— تەڭگىنى ئىزدەۋاتىمەن.
— ۋاي نائەھلىيەي، يەھۇدىيلىقىڭنى قىپسەن - دە! مەن تەڭگىنى يىپقا باغلاپ تاشلىغان ھەم شۇ ھامان تارتىۋالغان.

## ئىزدىمەي بولمىدى

بىر ئايال ساقچى ئىدارىسىگە يىغلىغان پېتى كىرىپ دەپتۇ:
— ئېرىمنى تېپىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن.
— خانىم، ئېنىقراق دەڭە، ئېرىڭىز قاچان يوقاپ كەتكەن؟
— بىر ھەپتە ئىلگىرى.
— ئەجەب بۈگۈن ئەرز قىلىپ كەپسىزغۇ؟
— بۈگۈن مائاش ئالىدىغان كۈنى ئىدى.

## ياۋاش كىشى ئىدى

بىر كۈنى جونسون سەپەردىن تۇيۇقسىز قايتىپ كەپتۇ. ئۇ خوتۇنىنىڭ ھودۇقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغىنىدىن گۇمان قىلىپ دەرھال ئۇستىرىنى ئېلىپ بىلەپتىكەن، خوتۇنى قورققىنىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:
— ۋاي ئانامەي، زادى نېمە قىلماقچىسىز؟
— نېمە ۋارقىرايسەن، بوغۇزلىۋەتكۈدەك بىر ئىش بولدىمۇ.
— ئۇ ياۋاش كىشى ئىدى، بوغۇزلىماي قوغلاپ چىقىرىۋېتەيلى، ئىككىنچى كەلمىسۇن.

## ھەۋىسى قوزغالغان سەھرالىق

بىر سەھرالىق كىشى شەھەرگە كېلىپ بىر كاتتا مېھمانخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭغا قاراپ تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر موماي

يېنىدىن ئۆتۈپ كىچىك بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئىشىك بېشىدىكى چىراغ لاپ ـ لاپ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم ئۆچۈپ ـ يانغاندىن كېيىن ئۇ ئۆيدىن ناھايىتى چىرايلىق بىر چوكان چىقىپتۇ.

«ھەتتىگىنەي ، — دەپتۇ ئۇ ئادەم بۇرۇتىنى تولغاپ ، — مەنمۇ مومىيىمنى ئەكىلىپ ياشارتىۋالسام بوپتىكەن .» ئۇ شۇنداق ئويلاپ ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان قىزىل كاستۇم كىيىۋالغان ئەردىن سوراپتۇ :

— بىر مومايىنى قانچە پۇلغا بايىقى سەتەڭدەك ياشارتىپ بېرىسلەر ؟

قىزىل كاستۇملۇق ئەر كۈلۈپ تۇرۇپ دەپتۇ :

— بۇ زاۋۇت ئەمەس ، لىفت !

# خوتۇنلار ھىيلىسى

## ئوۋ ئوۋلاش

بايۋەچچە ئوۋ ئوۋلاشقا كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن سەھەردە تـايـغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ شىپاڭغا كىلىپ ئولتۇرۇشىغا باغنىڭ كۆزەتچىسى بىر پەتنۇس ئالما ئەكىلىپ ئالدىغا قويۇپتۇ. بايۋەچچە ئالمىنى يەۋېتىپ سوراپتۇ:

— ئۆيگە بىرى كەلمىگەندۇ؟

— يـوقسۇ بېگىم، باغۋەن كۈندە ساتقان مېۋىنىڭ پۇلىنى كەچتە كىلىپ خېنىمغا ئۆتكۈزۈپ تۇردى، باشقا ئىش بولمىدى.

— ياخشى قىپتۇ، سودا ياخشى ئوخشايدۇ ــ دە.

— شـۇنـداقـمـىـكـىـن، ئاخشام خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىپ كېـتـىـۋىدى، ھازىرغىچە چىقمايدۇغۇ، پۇلنى ساناپ بولالمىغان ئوخشايدۇ.

— نېمە؟! — بايۋەچچىنىڭ قولىدىكى ئالما يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## خۇدايىمغا تاپشۇردۇم

بىر سودىگەر سودا ــ سېتىق قىلغىلى سەپەرگە چىققاندا يولدا ئاغىنىسى ئۇچراپ سالام ــ سەھەتتىن كېيىن سوراپتۇ:

— يول قاياققا، ئاغىنە؟

— سودا قىلىپ كىلەي دەپ سەپەرگە چىقتىم.

— خوتۇن، باللىرىڭنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغانسەن؟

— ھەئە، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

— ھا ـ ھا ـ ھا ! كۆرمەيدىغان ، ئاڭلىمايدىغان ، كۆرسىمۇ ھېچكىمگە دېمەيدىغانغا تاپشۇرۇپ ئوبدان قىپسەن !

## ئەسەر سېتىش

بىر رەسسام ئۆز ئەسىرىنى گەزمالچىغا سېتىپتىكەن ، گەزمالچى ئۇنىڭغا 50 تەڭگە بېرىپ ئاقىۋل بولسۇن دەپتۇ .

— ئەس ـــ ھوشىڭىز جايىدىمۇ ! — زەردە بىلەن دەپتۇ رەسسام ، — مۇشۇ رەسىمگە ئىشلەتكەن رەختنىڭ ئۆزىنى سىزدىن 120 تەڭگىگە ئالغاندىمغۇ ؟ !

— توغرا ، مەندىن ئالغاندىڭىز ، — دەپتۇ گەزمالچى ، — ئۇ چاغدا رەخت پاكىز ئىدى ـ دە .

## ئاغزىڭنى ئېچىپ تۇرغىنىڭ ئۈچۈن

مەنمەنچى ھەم قورۇق گەپ ساتىدىغان بىر شائىر ئابدۇراخمان جامىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ماختىنىپ دەپتۇ :

— كېچە چۈشۈمدە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئاغزىمغا مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى تۈكۈرۈپ قويدى .

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن ، — دەپتۇ جامى ، — خىزىر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ يۈزۈڭگە تۈكۈرگەندە ئاغزىڭنى ئېچىپ تۇرغىنىڭ ئۈچۈن ، تۈكۈرۈكى ئاغزىڭغا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ .

## شائىرنىڭ جاۋابى

بىر مىليونېر ئاددىي كىيىنگەن شائىر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ قاپتۇ . مىليونېر شائىرنىڭ ياخپايغان چاچلىرىغا قاراپ زاڭلىق قىلىپ سوراپتۇ :

— سىز بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار ؟

شائىر ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ دەپتۇ :

— جىق ئەمەس، ئاران 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

## ساڭا ئۆگىتىپ بولالمىدىم

مەشھۇر پروفېسسورنىڭ ياردەمچىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئۇستاز، سىز دائىم ھەرقانداق كېسەلدىن تاماق يەمسەن، ئىشتىھايىڭ ياخشىمۇ دەپ سوراۋېرىسىزغۇ، كېسەلنى ئېنىقلاشتا ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

— ھەي ئەخمەق، ساڭا ئۆگىتىپ بولالمىدىم ـ دە، كېسەلنى تاپالمىغاندىكىن شۇنى سورىماي نېمە دەيتتىڭ!

## بىزمۇ سىزدەك سۆزلىگەن

گېتلىر بىر كۈنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كېلىپ، كېسەللەردىن «مەن كىم» دەپ سوراپتىكەن، كېسەللەر بېشىنى چايقىشىپتۇ. گېتلىرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— بىلىپ قېلىش، مەن ئادلوف گېتلىر، سىلەرنىڭ داھىيڭلار بولىمەن! مەن شۇنداق قۇدرەتلىكمەنكى، خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگىمەن. ئاسماندا خۇدا بولسا، يەردە مەن!

كېسەللەر ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا قىياپەتتە كۈلۈشۈپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇلاردىن بىرى گېتلىرنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ:

— ھەي گېتلىر! بىزمۇ دوختۇرخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى سىزگە ئوخشاش سۆزلىگەن، — دەپتۇ.

## پۇلنى تۆلەپ بولسۇن

تام ماگىزىنغا كىرىپ خوتۇنىنىڭ بىر ئەر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ قاما پەلتو كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە،

www.uyghurkitap.com



دەرھال تاپانچىسىنى چىقىرىپ خوتۇنىغا ۋارقىراپتۇ :

— سەن بۇزۇقلارنى مۇشۇ يەردىلا ئېتىۋېتىمەن!

خوتۇنى يۇگۈرۈپ كېلىپ ئېرىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ نازلىنىپ دەپتۇ :

— تام ! ئالدىرىماڭچۇ ، پەلتونىڭ پۇلىنى تۆلەپ بولسۇن.

## قىيپالىڭاچ

ئېرى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ ، خوتۇنىنىڭ چىرايى تاتارغان ھالدا كارىۋاتتا ھاسىراپ ياتقىنىنى كۆرۈپ سوراپتۇ :

— ئامرىقىم لىنا ، نېمە بولدۇڭ ؟

— يۈرىكىم سىيلىپ نەپەس ئالالمايۋاتىمەن .

ئېرى دەرھال كوچىغا چىقىپ دوختۇرغا تېلېفون بېرىپ ئۆيگە قايتىشىغا ئوغلى ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ دەپتۇ :

— دادا ، دادا ! مېنىڭ ياتىقىمدىكى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە يالىڭاچ بىر ئادەم كىرىۋاپتۇ .

دادىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىشكاپقا قاراپتىكەن ، راستتىنلا قوشنىسى ئىستون ئىكەن.

— شۇنداقمۇ ئويىنىشامسەن ، — دەپتۇ ئۇ خاپا بولۇپ ، — لىنانىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ياتسا ، سېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ بالامنى قورقۇتقىنىڭ نېمىسى !

## سۆيمەيمەن

بىر چوكان مېھماندارچىلىقتا بېرىش ئۈچۈن ياسىنىپ چىققانىكەن ، قوشنا ئايال كىچىك ئوغلىغا دەپتۇ :

— قوزام ، ھەدەڭگە خوش دەپ سۆيۈپ قويغىن .

— ياق ، سۆيمەيمەن .

— نېمىشقا ؟

— ئاۋۇ كونى دادام ئۇنى سۆيۈۋىدى ، ئۇ دادامنىڭ كاچىتىغا ئۇردى .

## ئۆيدە نېمە ئىشلار بولدى

ئايال سەپەردىن قايتىپ كېلىپ بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كىچىك قىزىدىن سوراپتۇ :

— مەن يوق قانداقراق تۇردۇڭلار ، قىزىم ، ئۆيدە نېمە ئىشلار بولدى ؟

— ياخشى تۇردۇق ، — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ قىزچاق ، — سەن يوق چاغدا سىڭلىڭ دوسيا كېلىۋىدى ، دادام ئۇنى ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ قۇچاقلىدى ، سۆيدى ، كېيىن ... كېيىنرە ...

— ھە ، ھە ، دېگىنە ، كېيىن نېمە بولدى ؟ — تەقەززالىق بىلەن سورىدى ئاپىسى .

— كېيىن ئۇلارمۇ سەن پېتە بىلەن قىلغان ئىشلارنى قىلىشتى .

## خوتۇنۇم جۆيلۈيدۇ

— خوتۇنۇم ساناتورىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ، كېچىسى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى ، — دەپتۇ ئەر دوختۇرغا .

— خوتۇنىڭىز نېمىدەپ جۆيلۈيدۇ ؟

— «سېزىپ قالىدۇ ، ياق ، ياق ، ئانىنى» دەپ تەكرارلاۋېرىدۇ .

— ھېچقىسى يوق ، ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدۇ .

— ھېچقىسى يوق دەيسىزغۇ ، مېنىڭ ئىسمىم فىد تۇرسا !

— خوتۇنىڭىز ئېنىق قىلىپ «ياق» دەپتۇغۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

## قانداق ئايال ۋاپادار

بىر بويتاق پسىخولوگدىن سوراپتۇ :
— بويتاقلىقتىن جاق تويدۇم ، ئۆيلۈك بولاي دەيمەن ، قانداق ئايالالر ۋاپادار كېلىدۇ ؟ قارا چاچلىقمۇ ، قوڭۇر چاچلىقمۇ ؟
— ئاق چاچلىقى .

## ئايروپىلان كۆرمىگەنمۇ

ئايروپىلان ئىزنىكى تاقىۋالغان مودا بىر قىز ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇرسا ، بىر يىگىت قىزنىڭ ئىزنىكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراۋېرىپتۇ، بۇنى كۆرگەن قىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يىگىتكە دەپتۇ :
— ئايروپىلان كۆرمىگەن سەھرالىقمۇ سىز !
— ئايروپىلاننىڭ كۆرگەن ، لېكىن مۇنداق ئېگىز دۆڭگە قونغىنىنى كۆرمىگەنمەن .

## كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم

مىسسى خېنىم باقمىچىلىق مۇتەخەسسىسىدىن توخۇنى قانداق بېقىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتىكەن ، مۇتەخەسسىس :
— ئەگەر 30 مېكىيان باقماقچى بولسىڭىز ، يېتەرلىك دان ، كاتەك تەييارلىغاندىن باشقا ، تۆت - بەش خوراز قوشۇپ قويسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ ، — دەپتۇ .
— 30 مېكىيانغا ئاران تۆت - بەش خورازما ؟ — مىسسى خېنىم رەنجىگەن هالدا مۇتەخەسسىسكە تىكىلىپ قاراپتۇ .
— ھەئە ، شۇنداق بولغاندا مېكىيانلىرىڭىز كۆپ تۇخۇم تۇغىدۇ ، داننىمۇ تېجەپ قالىسىز .
— كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالغان ، قېرى

بولسىڭىزمۇ گېپىڭىز چوڭ ئىكەن ، مەن قوشۇلمايمەن ، — دەپ پېشىنى قېقىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ مىسسى خېنىم .

## چاشقان تۇزنى يەۋالمىسۇن

ئۇلار توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئويلىمىغان يەردىن خوتۇنى كېچىسى ئۇخلىماي ئۇياق - بۇياققا تولا ئۆرۈلىدىغان ، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ بىر ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئەر قېرى خوتۇنغا نىكاھلىنىپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ ، خوتۇنىنىڭ ھەقىقىي يېشىنى سوراشقا پېتىنالماپتۇ . بىر كۈنى ئۇ مەقسەتلىك ھالدا جىددىي ئاھاڭدا خوتۇنغا :

— خوتۇن ، تۇز قاچىسىنىڭ ئاغزىنى يېپىۋەت ، ئۇخلاپ قالساق چاشقان يەپ قويىدۇ ، — دەپتۇ .

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ — قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ خوتۇنى ، — 60 نەچچە ياشقا كىرىپ بىرەر قېتىممۇ چاشقان تۇز يېدى دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانىدىم .

## بەرەڭگىنى تېرىساڭ بولىدۇ

بىر دېھقان تېرىلغۇنىڭ جىددىي پەيتىدە تۈرمىگە چۈشۈپ قاپتۇ ، خوتۇنى ئېرىگە خەت يېزىپ : «تام ، تېرىلغۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ ، بەرەڭگە تېرىيدىغان يەر ئاق قېلىۋاتىدۇ ، چاپسان يېنىپ چىققىن» دەپتۇ .

دېھقان دەرھال خوتۇنغا جاۋاب خەت يېزىپتىكەن ، تۈرمە باشلىقى خەتنى ئېچىپ كۆرۈپتۇ ، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىكەن : «جېنىم ، يەرنى ئاغدۇرما ، ئۇ ئېتىزغا مەن بىر كومزەك ئالتۇن كۆمۈپ قويغان ، ئېچىلىپ قالسا بولمايدۇ .»

بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتۇنىدىن يەنە خەت كەپتۇ . خەتتە مۇنداق دەپتۇ :

«ئىككى كۈن ئىلگىرى ساقچىلار ئۇن نەچچە ئادەم باشلاپ كېلىپ بارلىق ئېتىزلىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ بەردى، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ قويغىن.»

## دۇربۇنىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ

بىر يىگىت ھەر كۈنى ئاخشىمى قوشنا قىزنىڭ دېرىزىسىدىن دۇربۇن بىلەن قاراۋېرىپ قىزنى بىزار قىلىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ يىگىتكە تېلېفون بېرىپ گەپ بىلەن راسا چېقىۋاپتۇ:

— ۋەي، مەن قوشنىڭىز ئانىنا بولىمەن، ئاخشام ئىشتىنىمنى سېلىۋېتىپ ياتقاندىم، تاپالمايۋاتىمەن، دۇربۇنىڭىزدىن سوراپ بېقىڭا، نەگە قويغىنىمنى ئېيتىپ بەرسۇن!

## ئۇن خىل سەۋەب

نېمە ئۈچۈن ئاياللار نەرسە سېتىۋېلىشقا ئامراق؟

1) ئېرى ئېلىپ بەرمىگەچكە قىزىقىدۇ؛
2) يىگىتىنىڭ ھېسسىياتىنى تېخىمۇ قوزغاش ئۈچۈن؛
3) خوجايىنىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن!
4) تېخىمۇ گۈزەل بولۇش ئۈچۈن؛
5) ياۋروپا ياكى ياپونىيىنىڭ يېڭى مېلى بولغاچقا؛
6) دوستلىرىنىڭ سېتىۋېلىش قۇدرىتى يەتمىگەن بۇيۇم بولغاچقا؛
7) باشقىلاردا يوق بۇيۇم بولغاچقا؛
8) ھەممە ئاياللاردا بولغاچقا؛
9) ئالاھىدە بولغاچقا؛
10) ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەندە.

# كەيپچىلىك

## مەستلىكى يېشىلسە

— يىگىتنىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز شۇنچە ياخشى تۇرۇپ ، نېمىشقا توي قىلىشۋالمايسىلەر ؟
— شۇنى دەڭە ، ھەر قېتىم ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا مېنىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولغۇم كەلمەيدۇ ، مەستلىكى يېشىلگەندە ئۇ مېنى ئېلىشنى خالىمايدۇ ...

## كىم سەن ئۇچۇن ئىچىپتۇ

ئايال : ئۆتۈنۈپ قالاي جېنىم ئېرىم ، مەن ئۇچۇن بولسىمۇ ھاراقنى تاشلىسىڭىزچۇ ؟
ئەر : ۋاي ئەخمەق ، كىم سەن ئۇچۇن ھاراق ئىچىپتۇ ؟ !

## ۋەدىسىدە تۇرۇش

بىر ئادەم قاۋاقخانىغا پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ، قولى بىلەن مېڭىپ كىرىپ قاتتىق توۋلاپتۇ :
— ھەي ، ماڭا بىر رومكا ۋىسكى كەلتۈر !
كۈتكۈچى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :
— نېمە ؟ قولۇڭ بىلەن مېڭىپ يۈرگىنىڭ نېمە قىلىق بۇ ؟
— مەن خوتۇنۇمغا «قاۋاقخانىغا ھەرگىز ئاياغ دەسسىمەيمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاڭلىدىڭمۇ

خوتۇنى گېزىتتىكى بىر خەۋەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپتۇ:
«فرانسىيىدە ئېغىر سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ نەچچە مىليون فرانك زىيان بولدى.»

ئەر: ئاڭلىدىڭمۇ خوتۇن، ماۋۇ ئاپەتنى، سەن دائىم ماڭا، ھەممە ئاپەت ھاراقنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ دەيسەن تېخى!

## قىيامەت

ئېرى ئىچىۋاتقان ھاراقتىن خوتۇنى بىر يۇتۇم ئىچىپتىكەن، تەرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ ھەمدە ئېرىگە دەپتۇ:

— ھاراق ئىچمەك بىر قىيامەت ئىكەنغۇ!

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئېرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، — ھاراق ئىچسەڭ راھەتلىنىپ كېتىسەن، دەپ ماڭا كوتۇلدايسىنا تېخى!

## كونسېرت ياخشى ئەمەس ئىكەن

ئېرى تالادىن كىرگەن خوتۇنىغا غودۇڭشىپ دەپتۇ:

— تېلېۋىزوردا كىچىككىچە كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتنىلا كۆرسەتتى.

خوتۇنى: ئازراق ئىچسەڭ بولمامدۇ، تېلېۋىزورنى ئەتىگەن رېمونتخانىغا ئاپىرىپ بەرگەن تۇرساڭ، سەن تېلېۋىزور ئەمەس، تام مەشتىكى ئوتنى كۆرۈپسەن.

## ھوشيارلىق

ساقچى بىر ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلغىلى ئېلىپ

كېتىۋاتقاندا، ئوغرى ئۆتۈنۈپ دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ساقچى، سىز مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسىڭىز، مەن ئاۋۇ دۇكاندىن بىر قاپ تاماكا ئەكېلىۋالسام؟

— سەن مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن! تاماكا ئالماقچى بولۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن ـ دە، سەن ئەبلەخ! بولمايدۇ، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن ئەكېلىپ بېرەي.

## ئۇنتۇش ئۇچۇن

مېھمان قاۋاقخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا كۈتكۈچى سىپايىلىك بىلەن ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئەپەندى، ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتسىڭىز، ئۇنتۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

— نېمە دەيسىز؟ مەن ... مەن ھاراقنى ھەممىنى ئۇنتۇش ئۇچۇن ئىچتىم ـ دە!

## سۇ قوشۇلغان ھاراق

بىر چوكان ھاراق سېتىۋالماقچى بولۇپ قاۋاقخانىغا كىرىپ دەپتۇ:

— خوجايىن، سۇ قوشۇلغان ھاراقتىن بىر جىڭ بېرىڭ.

خوجايىن خاپا بولۇپ سۆزلەپلا كېتىپتۇ:

— نېمە دەۋاتىسىز! مەن ئەزەلدىن ھاراققا سۇ قوشۇپ ساتقان ئەمەس، ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەڭ.

چوكان: خوجايىن، سىزنىڭ ھاراققا سۇ قوشقانلىقىڭىزدىن رەنجىگىنىم يوق، راستىنى ئېيتسام، ئېرىمنىڭ مىجەزى تولىمۇ ئوسال، دائىم مېنىڭ ئىشىمدىن قۇسۇر چىقىرىپ تىنماي تىللايدۇ، ئۇرىدۇ، نەچچە كۈن ئىلگىرى مۇشۇ دۇكاندىن ھاراق سېتىۋېلىپ ئاپىرىپ بېرىۋىدىم، ئېرىم ھاراققا سۇ قوشۇپتۇ دەپ مېنى ئەمەس،

ھاراق ساتقان ئادەمنى تىللايدىغان بولدى، مەن ئارام ئېلىپ قالدىم .

## تام كىمنىڭ بالىسى

يىگىرمە يىل ئۆي تۇتقان ئەر ـ خوتۇن ئاخىر چىرايلىقچە ئاجراشماقچى بولۇپ، ئاخىرقى قېتىم رېستوراندا بىللە ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپتۇ :

— بىر ئىشنى سەندىن سوراشقا پېتىنالماي يۈرەتتىم ، — دەپتۇ ئېرى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ، — بەربىر ئاجرىشىدىغان بولغاندىكىن راستىنى ئېيتىپ بەرگىن ، ئالتە بالىمىزنىڭ بەشىنىڭ چېچى قاپقارا ، يالغۇز تامنىڭلا چېچى سېرىق چىقىپ قالدى ، ئۇ زادى كىمنىڭ بالىسى ؟

— سورىمىساڭ ياخشى بولاتتى ، ئېيتسام غۇرۇرۇڭغا تېگىپ كېتەرمىكىن .

— ئاجرىشىدىغان بولغاندىكىن دەپ بەرگىنە .

— راستىمنى ئېيتسام ، تام سېنىڭ بالاڭ .

## خوتۇنىنى گۆرۈگە تۇتۇپ قىلىش

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى رېستوراندا تاماق يەپ پۇل تۆلەيدىغان چاغدا ئېرى پۇلنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن خوجايىنغا يالۋۇرۇپتۇ :

— كەچۈرۈڭ ، خوجايىن ، كېيىم يۆتكىگەندە پۇل ئېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، خوتۇنۇمنى گۆرۈگە تۇتۇپ قىلىڭ ، مەن ھازىرلا پۇلىڭىزنى ئەكىلىپ بېرەي .

— ياخشىسى باشقا نەرسىڭىزنى قويۇپ كەتسىڭىز ، مەسىلەن ، قولىڭىزدىكى ئالتۇن سائەتنى ، — دەپتۇ خوجايىن .

— ئوھوي ، بىر قېتىملىق تاماق پۇلىڭىزغا خوتۇنۇم ئازلىق قىلىۋاتامدۇ ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— يوقسۇ، شۇ تاپتا گۆرۈگە تۇتۇپ قالغان ئۇچ خوتۇن ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتىدۇ، كەچتە ئۆيگە قايتسام ئۇلار مېنى تالىشىپ ھالىمنى قويمايدۇ.

## بىر ئايالغا كۆيۈپ قالدىم

توي قىلىپ بىر يىل بولمايلا، ئەر خوتۇنىغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇپتۇ:

— ئەزىزىم، سەن مۇھەببەتنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان چۈشىنىسەن، راستىمنى ئېيتسام، رېستوراندا ئىچىشىۋېتىپ بىر خېنىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. سېنى قويۇۋېتىپ شۇنى ئالماقچىمەن.

— تەلىپىڭگە قوشۇلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى مەردانىلىك بىلەن، — بىراق بىر شەرتىم بار، ئالماقچى بولغان خوتۇن كىم، ئېيتىپ بەر.

— ئىسمى سوفىيە، بەدەنلىرى پاقلاندەك يۇمشاق.

— نېمە؟ ئالتۇن چاچلىق، كۆك كۆز ...

— ھە، ھە، شۇنداق چىرايلىق، تونۇمسىز؟

— ئاھ پەرۋەردىگارىم، بېشىڭنى يەيدىغان، ئۇ مېنىڭ ئاپام!

## سىزدىن ھۆزۈرلانسۇن

ياش ئايالنىڭ ئۆيىگە بىر ناتونۇش ئەر كىرىپ ئەھۋال سورايدىغان بولۇۋاپتۇ:

— ياخشىمۇسىز خانىم، سىز بەكمۇ گۈزەل ئىكەنسىز.

بىر كۈنى ئايالنىڭ ئېرى ئۆيدىكى چاغدا ئۇ ئادەم يەنە كىرىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ، ئايال ئىشىكنى يوغان ئېچىپ قارىسا، ئۇ يەنە ھېلىقى گېپىنى تەكرارلاپتۇ. ئايال بۇنىڭدىن رەنجىپ دەپتۇ:

— ھە، گۈزەل بولسام نېمە بوپتۇ؟!

— ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ، گۈزەللىكىڭىزدىن ئېرىڭىز ھوزۇرلانسۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنۇمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالمىسۇن .

## ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ سىرى

ئەگەر مەن شاراب ئىچىپ ، تاماكا چېكىپ ، خوتۇن - قىزلار بىلەن قالايمىقان ئوينىغان بولسام ، 86 ياشقا كىرىپ ھازىرقى دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرمىگەن بولاتتىم ، — دەپتۇ بوۋاي يېنىدىكى كىشىگە .

— ياخشى ياشاپسەن ، — دەپتۇ يەنە بىر بوۋاي ، — مەن 93 ياشقا كىردىم ، ئۆمۈر بويى ھەسەل ، قارا ئاشلىق ، سۈت ، مېۋە - كۆكتاتلا ئىستېمال قىلىپ كەلدىم .

— دادام ماڭا ئەگەر ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرىمەن دېسەڭ ، — دەپ گەپكە ئارىلىشىپتۇ ئاپئاق چاچلىق بىر كىشى ، — تاماكا چەك ، ھاراق — شاراب ئىچ ، سەتەڭلەر بىلەن قانغۇچە ئوينا دېگەنىدى . مەن مانا شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتىمەن .

— قانچە ياشقا كىردىلە ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككى بوۋاي تەڭلا .

— 24 ياشقا كىردىم ، چېچىم ئاقارغان بىلەن چىشىم ساق .

## مەيلى ، ئازراقلا قۇي

مەست بولۇپ قالغان ئەر ئۆيىگە كىرىپلا «گۇپ» قىلىپ يىقىلىپتىكەن ، خوتۇنى خاپا بولۇپ سۇپۇرگە بىلەن ساۋىغاچ سوراقفا تارتىپتۇ :

— يەنە ئىچەمسەن ئەبلەخ ! ئىچەمسەن دەۋاتىمەن ؟ !

ئېرى زورىغا كۆزىنى ئېچىپ دەپتۇ :

— مەيلى ، ئازراقلا قۇي ...

# نىكاھ ماجىراسى

## سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىلا

راھىب ئۆز قوۋمىدىكى بىر ئائىلىدە چىنە ـ قاچىلارنىڭ سۇندۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال شۇ ئۆيگە بېسىپ كىرىپ سوراپتۇ :
— بۇ ئۆيدە ئائىلە باشلىقى كىم ؟
— سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىلا ، بىز ھازىر دەل شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىۋاتىمىز .

## كۆچلۈك تەلەپ

خىزمەتچى خوجايىنغا يالۋۇرۇپ دەپتۇ :
— ئەگەر مەنىسىپىمنى ئۆستۈرسىڭىز ، خوتۇنۇم مېنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى ، ھەرگىز مەنسىپىمنى ئۆستۈرگۈچى بولماڭ .

## سەنمۇ مېنىڭكى

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ جېدەل ئەۋجىگە چىققاندا ، ئېرى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ :
— يوقال ، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ ھازىر يوقال ، ئۆيگە ئىككىنچى كىرگۈچى بولما !
خوتۇنى يىغلىغان پېتى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بىر تاغارنى ئېتىپ دەپتۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— تاغارنىڭ ئىچىگە كىر !
— نېمىشقا ؟
— سەنمۇ مېنىڭكى ، ئېلىپ كېتىمەن .

## ئېرىنى تىللىغاندا

بىر خېنىم زىياپەت ئۈستىدە ئېرىنى سەت گەپلەر بىلەن قاتتىق تىللاپ زالنى بېشىغا كىيىپتۇ :

— دۇنيادىكى ئەسكى ئەرلەر ئىچىدە ئەڭ پەسكىشى سەن !

مېھمانلار ئىچىدە ناھايىتى خىجالەتتە قالغان ئېرى دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئۈستەلنى ئۇرۇپ توۋلاپتۇ :

— ئەزىزىم ، شۇنداق دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا بوپتۇ ، كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالسىڭىزچۇ !

## بالامنىڭ دادىسى ئۇ ئەمەس

ماگىرىت خېنىم سوتقا بېرىپ ئېرىدىن ئاجرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەرز سۇنۇپتۇ :

— نېمىشقا ئاجرىشىسىز ؟
— ئۇ ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلدى .
— پاكىت ئاساسىڭىز بارمۇ ؟
— ئەلۋەتتە بار ، ھېسابلاپ باقسام ، بالامنىڭ دادىسى ئۇ ئەمەس ئىكەن .

## قانۇندا مەنئى قىلىنغان

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قېلىپ ، خوتۇنى ئېرىگە كايىپتۇ :

— سەن بىلەن توي قىلغۇچە ئالۋاستى بىلەن توي قىلسام

ياخشى بوپتىكەن .
ئېرى : شۇنداق قىلساڭ بولاتتى ، بىراق نىكاھ قانۇنىدا يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى مەنئى قىلىنغان .

## شەرمەندىچىلىك

— شەرمەندە بولدۇم ، شەرمەندە ، — دەپ زارلىنىپتۇ رابىنوۋىچ خوتۇنىغا .
— ۋىيەي ، نېمە بولدى ؟ — سوراپتۇ خوتۇنى .
— ئابرام مېنى خوتۇنىنىڭ دەپنە مۇراسىمىگە ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلدى ؛ مەن بولسام ئۇنى ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ تەكلىپ قىلالمىدىم .

## كۇنداشلىق

كۇنداشلىقى ئېغىر بىر ئايال دائىم ئېرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن ، ئەگەر ئېرىنىڭ كۆڭلەك ، چاپانلىرى ئارىسىدىن بىرەر ئۇزۇن چاچنى تېپىۋالسا ، باشقا ئاياللار بىلەن ئويناپسەن دەپ شۇ ھامان ئېرى بىلەن جاڭجاللىشىدىكەن . بىر كۇنى كەچرەك كەلگەن ئېرىنى ئىشىك تۇۋىدە تۇرغۇزۇپ تىمىسقىلاپ زىغىرلاپ تەكشۈرۈپتۇ ، ھېچنېمە تاپالمىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ ، ئېرى بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ سوراپتۇ :
— ئەزىزىم ، نېمە بولدى ؟
— بېشىڭنى يەيدىغان ئىشقۋاز ، سەن ئوينىمىغان تاز خوتۇنلارمۇ قالماپتۇ ئەمدى !

## ئاران بىر قېتىم

— خوتۇنۇم بىلەن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆي تۇتقان بولسامۇ ئاران بىر قېتىم نىيىتىمىز بىر يەردىن چىقتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— نىمە ئىش توغرىسىدا؟
بىر كۈنى ئۆيىمىزگە ئوت كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئىشىكتىن بىللە قېچىپ چىقتۇق.

## پىخسىق ئەر

پىخسىق لاتتى ئاخىر ئۆيلىنىپتۇ. ئۇ خوتۇنى بىلەن سەيلىگە چىقماقچى بولۇپ، پويىز بىلىتى ئالىدىغان چاغدا پىخسىقلىق قىلىپ بىر بىلەت ئېلىپ ئۆزى ئوغرىلىقچە چىقىۋالماقچى بوپتۇ.
— بىلەتنى ئەكەلدىڭىزما؟
— ھەئە.
— ۋىيەي، بىر بىلەتقۇ؟
— توۋا، توۋا، قاراڭە مېنى، ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئۆزۈمگە بىلەت ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى.

## باھالاش قەغىزى

خوتۇنى ئېرىگە دەپتۇ:
— كۈتكۈچى ئايال كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، باھالاش قەغىزى يېزىپ بېرىڭلار دەيدۇ، مەن ئايىغى ئىتتىك ئەمەس، خوجايىنلىرىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ، دەپ كەمچىلىكىنى يازدىم، سىز بىرنەچچە ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ.
— مۇنداق ئىككى ئارتۇقچىلىقىنى سەن يېزىپ قويغىن، — دەپتۇ ئېرى، — بىرىنچى، ئىشتىھاسى ناھايىتى ياخشى، ئىككىنچى، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇخلاپ، ھەممىدىن كېيىن تۇرىدۇ، ئۇيقۇسى ناھايىتى ياخشى.

## تەشتەكنى تولەش ئۇچۇن

بىر كۈنى ئۆي خىزمەتچىسى سارايدىكى يوغان تەشتەكنى

سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ ، خوجايىن ئايال بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ قاقشاپ كېتىپتۇ :

— ۋىيەي ، تازىمۇ ئېسىل تەشتەك ئىدى ، بىر ئايلىق ئىش ھەققىڭمۇ ئۇنىڭ پۇلىغا يەتمەيدۇ ، سەن جۇۋاينىمەكنىڭ !

كۈتكۈچى ئايال خىجالەتتە بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن دەپتۇ :

— كەچۈرسىلە ، خېنىم ، بىر ئايلىق ئىش ھەققىم يەتمىسە ، يەتكۈدەك قىلىپ ئۆستۈرۈپ قويسىلا بولاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەگەك ۋە دۆت ئادەملەر

## دۆت ئەر

خوتۇنى ئۆيدىكى مۈشۈكنى كۆرۈپ ئېرىگە كايىپ دەپتۇ :

— مۈشۈكنى تالاغا تاشلىۋەت دېسەم تاشلىماپسەنغۇ ؟

ئېرى : تاشلىۋەتكەن .

خوتۇنى : تاشلىۋەتكەن بولساڭ يەنە بۇ يەردە تۇرىدۇغۇ ، يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋەتسەڭ بولمامدۇ ، دۆت !

ئېرى : شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەنىدىم ، بىراق ، قايتقاندا ئۆزۈم تېنەپ قالدىم ، ئەگەر مۈشۈك بولمىغان بولسا ئۆينى تاپالمايتتىم .

## پوق قورساق

باشلىق ياردەمچىسىگە ئون مىنۇتلۇق دوكلات يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرۇپتۇ . لېكىن ، باشلىق دوكلاتنى مەجلىستە يېرىم سائەت ئوقۇپتۇ . مەجلىستىن كېيىن باشلىق ياردەمچىسىگە كايىپ كېتىپتۇ :

— ئون مىنۇتلۇق سۆز ياز دېسەم نېمىشقا يېرىم سائەتلىك يازدىڭ ؟ ! پوق قورساق !

— كەچۈرۈڭ باشلىق ، ئۈچ نۇسخا ئىدى ، ھەممىسىنى قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتىمەن .

## مەن مېكىيان ئەمەس

خوتۇنى : خېتىر ، ئورنۇڭدىن تۇرساڭچۇ ، خوراز چىللىغىلى

نەۋاخ !
ئېرى : خوراز چىللىسا نېمە ماڭا كايىپ كېتىسەن ، يا مەن مېكىيان بولمىسام .

## ھايۋان بولسىمۇ

شەھەرلىك بىر خانىم تاغقا سەيلىگە چىقىپ توپ ـ توپ ئوتلاپ يۈرگەن كالىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراۋېتىپ ، بىر بۇقىنىڭ ئۆزىگە ھومىيىپ قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن توۋلاپ كېتىپتۇ :
— ۋىيەي ، ئاۋۇ بۇقا ماڭا بىر قىسمىلا قاراپ كەتتىغۇ ؟
— قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىڭىز ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ پادىچى .
— توۋا ، تاغدا يۈرۈپمۇ كىيىمنىڭ مودىدىن قالغانلىقىنى بىلىۋالغىنىنى قاراڭلار ، بۇ ھايۋاننىڭ !

## قانغۇچە كۆرۈۋېلىش

سەھەرلىق بىر يىگىت شەھەردىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىپ ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تېلېۋىزور كۆرگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ . ئېكراندا بىر مودا قىز باغىرداق ، كالتە ئىشتان بىلەنلا سەھنىگە چىقىپ ئايلىنىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشىغا تۇيۇقسىز بىر پويىز ئۆتۈپ قىزنى توسۇۋاپتۇ ، يىگىت بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى نائۇمىدتە قىلىپ غودۇڭشىپ كېتىپتۇ .
ئەتىسىمۇ يەنە شۇ قىز ھېلىقى كىيىمى بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئالدىغا مېڭىشىغا بىر پويىز ئۆتۈپ يەنە توسۇۋاپتۇ .
يىگىت ھېلىقى قىزنى قانغۇدەك كۆرۈۋالاي دەپ بىر نەچچە كۈن تېلېۋىزور ئالدىدىن نېرى كەتمەپتۇ . بىراق ، ھەر قېتىمدا پويىز قىزنى توسۇۋېلىپ يىگىتنى بىزار قىلىۋېتىپتۇ . ئاخىر يىگىت

ئاچچىقىدا تىللاپتۇ :

— دائىم كېچىكىپ كېلىدىغان بۇ ئۆلگۈر پويىزنىڭ مەن ئاۋۇ قىزنى قىنىپ كۆرۈۋالاي دېگەندە ، مىنۇت ئۆتكۈزمەي ۋاقتىدا كېلىۋالغىنىنى قارا !

## كېچىكىپ قاپسىز

دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم قىرغاقتا چىقالماي جان تالىشىۋاتقاندا ، بىر ئىشسىز كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

— يۇنىس سىمىس !

— قەيەردە ئىشلەيسەن ؟

— ياغاچ زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن ، ھەي ، مېنى چاپسان قۇتقۇزۇۋالساڭچۇ ، ئۆلەي دېدىم !...

ھېلىقى ئىشسىز غىدىڭ - پىدىڭ قىلماي يۈگۈرگەن پېتى ياغاچ زاۋۇتىغا بېرىپتۇ :

— يۇنىس سىمىس مۇشۇ زاۋۇتتا ئىشلەمدۇ ؟

— ھەئە ، ئىشلەيدۇ .

— ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى قوبۇل قىلساڭلار ، ئۇ ھازىر دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۆلەيلا دەپ قالدى .

— ئەپسۇس ، سەل كېچىكىپ قاپسىز ، — دەپتۇ باشلىق ، — يۇنىسنى دەرياغا ئىتتىرىۋەتكەن كىشى تېخى يېڭىلا ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشقا چۈشتى .

## باھانى چۈشۈرسىڭىز

جەنۇبقا دەم ئېلىشقا كەلگەن ئادەم مېھمانخانا خوجايىنىغا يالۋۇرۇپ دەپتۇ :

— ياتاقنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئازراق كېمەيتسىڭىزچۇ ؟

— يوقسۇ ، قاراڭ ، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دېڭىز مەنزىرىسى نېمىدېگەن پەيزى ، كېمەيتىشكە زادى بولمايدۇ .

— بولۇپ قالار ، دېرىزىدىن ئۇ تەرەپكە ھەرگىز قارىمايمەن دەپ ۋەدە بېرەي .

## يەنىمۇ ئېگىز بولسا ئىكەن

ساياھەتچى مېھمانخانا خوجايىنىدىن سوراپتۇ :

— ئازادە ئۆيىڭىزنىڭ كۈنلۈك ئىجارە ھەققى قانچە ؟

— ئۈچىنچى قەۋەتتىكىسى سەككىز يۈەن ، تۆتىنچى قەۋەتتىكىسى ئالتە يۈەن ، بەشىنچى قەۋەتتىكىسى تۆت يۈەن .

ساياھەتچى كەتمەكچى بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ .

— مېھمان ، قىممەت كۆرۈۋاتامسىز نېمە ؟

— يوقسۇ ، مېھمانخانىڭىز يەنىمۇ ئېگىز بولسا بوپتىكەن .

## خۇسۇسىي پاراڭ قىلىشىۋاتىمەن

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن كىنو كۆرۈۋېتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى فىلىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالماي ئاخىر ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ :

— قاملاشمىدى ، ئەپەندى ، گەپلەرنى ھېچ ئاڭلىيالمىدىم .

— سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، خۇسۇسىي پاراڭ قىلىشىۋاتىمىز !

## ئېرىڭگە ئېيتقىن

ئېرىدىن تاياق يېگەن چوكان بېرىپ دادىسىغا دادلاپ :

— دادا ، ئېرىمنىڭ مېنى ئۇرغانلىقى سېنى ئۇرغانلىق ، سەنمۇ

ئۇنى ئۇرۇپ ئۆچۈكنى ئالغىن .
— ئېرىڭ قايسى كاچىتىكىغا ئۇردى ؟
— سول كاچىتىمغا .
چوكاننىڭ دادىسى قىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئوڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇپ دەپتۇ :
— ماڭ ، بېرىپ ئېرىڭگە ئېيتقىن ، ئۇ قىزىمنى ئۇرسا ، مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۇرۇپ ئۆچۈمنى ئالىمەن .

## چوقۇم مەست

بىر ئايال غەزەپ بىلەن ساقچىخانىغا كىرىپ ئەرز قىپتۇ :
— ساقچى ! بىر ئەر ئارقامغا كىرىۋېلىپ زادى ئارام بەرمەيۋاتىدۇ ، ئۇ چوقۇم مەست .
ساقچى ئايالغا زەن قويۇپ قارىۋالغاندىن كېيىن دەپتۇ :
— سىزنىڭ دېگىنىڭىز بەلكىم توغرىدۇر .
— بەلكىم دەيسىزغۇ ، چوقۇم ! ھاراقنى مەن بىلەن ئىچكەن تۇرسا .
— بەلكىم چوقۇمدۇر .
— نېمىشقا ئۇنى تۇتۇپ چوقۇم سولىمايسىلەر ؟
— مەن چوقۇم سىزدەك مەست ئەمەس !

## مىراس تەلەپ قىلىش

يېقىندا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال يىغلامسىرىغان ھالدا ئادۋوكاتتىن سوراپتۇ :
— ئېرىمدىن قالغان مىراسنى ئالاي دەپ كەلدىم .
ئادۋوكات : كەچۈرۈڭ خانىم ، ھەممە ئارخىپلارنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق . ئېرىڭىزنىڭ بارلىق مۈلكى پەقەت سىزلا ئىكەنسىز .

## قاتناش ۋەقەسى

بىر ساۋاتسىز ئادەم ئۆزىنى ئوقۇمۇشلۇق كىشى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ، كوچىدىكى بوتكىدىن بىر گېزىت سېتىۋېلىپ كوچىدا ئوقۇغان بولۇپ مېڭىپتۇ. ئەمما، ئۇ خەت تونۇمىغاچقا گېزىتنى تەتۈر تۇتۇۋاپتۇ.

يولدا كېتىۋاتقان بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندى، گېزىتتە نېمە يېڭى خەۋەرلەر بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

— يەنە قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. كۆرۈڭە، مۇنۇ سۈرەتلەرنى، ئاپتوموبىل، پىكاپلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، — دەپ گېزىتنى شەرەتلەپتۇ.

## ئېھتىياتچان ھېنرى

بىر يولۇچى ھېنرىدىن سوراپتۇ:

— چوڭ ماگىزىن قەيەردىكىن؟

— ئالدىڭىزدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئوڭ تەرەپكە ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز.

— كۆۋرۈك ئۇزۇنمۇ؟

— 20 مېتىرچە بار.

يولۇچى ھېنرىغا رەھمەت ئېيتىپ كۆۋرۈك تەرەپكە ئىتتىك يۈرۈپ كېتىپتۇ. ھېنرى شۇ ھامان بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك يولۇچىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ئالدىنى توسۇپ دەپتۇ:

— ھېسابلاپ كۆرسەم، كۆۋرۈك 40 مېتىر ئىكەن. ئەگەر سىز مېنىڭ دېگىنىم بويىچە 20 مېتىر مېڭىپ ئوڭ تەرەپكە ماڭسىڭىز، چوقۇم دەرياغا چۈشۈپ كېتىسىز، مېنى كەچۈرۈڭ.

www.uyghurkitap.com

## ئۆيدە ئادەم يوق

كورىنا خېنىم بىر كۈنى سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئىشىككە: «ئۆيدە ئادەم يوق، نەرسە قويماڭلار» دېگەن خەتنى چاپلاپ قويۇپتۇ.

ئۇ كەچتە ئۆيگە كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، ئۆي ئىچىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى، يەنە تېخى ھېلىقى خەتنىڭ ئاستىغا: «سىزگە كۆپ رەھمەت، تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە ئۆيىڭىزدە ھېچ نەرسە قويمىدۇق» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

## ھەيرانلىق

ئېرى تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ خوتۇنىغا دەپتۇ:

— تېلېۋىزور ئاجايىپ ياخشى نەرسە ـ دە، ئەگەر ئالىملار ئېلېكترنى ئىجاد قىلمىغان بولسا، ئالدىمىزغا شام يېقىپ كۆرەتتۇق ـ دە.

— ۋىيەي، نېمە دېگەنلىرى، شامنى ئالدىمىزغا ئەمەس، تېلېۋىزورنىڭ ئىچىگە ياندۇرۇپ قوياتتۇق، — دەپتۇ خوتۇنى ئېرىنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ.

## ئىككى كۈندىن كېيىن كىيىمەن

ئېرى: يېڭى سېتىۋالغان توپلىيىڭنى نېمىشقا كىيمەيسەن؟

خوتۇنى: ئاياغ ساتقۇچى يېڭى ئاياغ بىر ـ ئىككى كۈن پۇتىڭىزنى قىستاپ قويۇشى مۇمكىن، دېگەن. شۇڭا، ئىككى كۈندىن كېيىن كىيىمەن.

## نامەھرەم بولىدۇ

ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم كەلگەن بىر بوۋاي ساقچىغا مۇلايىملىق بىلەن :

— ساقچى ئوغلۇم ، بۇ يەرگە كېلىپلا خوتۇنۇمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم ، ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ دەپ قويسىڭىز ، — دەپتۇ .

— تونۇيالىسام قانداق قىلىمەن ؟

— چېچى ئۇزۇن ، يۈتىدا ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى بار .

— سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ ، مەن تېپىپ كېلەي .

— ياق بولمايدۇ ، يۈزىدە چۈمپەردىسى بار ، سىز قارىسىڭىز نامەھرەم بولىدۇ .

## پروفېسسورنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى

مەلۇم جايدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپتىكەن ، ھاشاراتلار پروفېسسورى بىر چېكەتكىنى تەجرىبىخانىسىغا ئەكىرىپ تەجرىبە قىلىشقا باشلاپتۇ .

پروفېسسور دەسلەپ چېكەتكىنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ تاشلاپتىكەن ، چېكەتكە يەنىلا سەكرەۋېرىپتۇ ، سول پۇتىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ تاشلاپتىكەن ، يەر بېغىرلاپ قىسقا ـ قىسقا سەكرەپتۇ . ئىككى پۇتىنى تۈۋىدىن كېسىپ تاشلاپتىكەن ، ئورنىدا جىم يېتىپ قاپتۇ ، ئۈچ قېتىم ئۈشقىرتىپ ئۈركۈتسىمۇ بىچارە چېكەتكە مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ .

تەجرىبە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، پروفېسسور قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ قولىغا قەلەم ئېلىپ خۇلاسە دوكلاتى يېزىشقا كىرىشىپتۇ :

«يەتتە سائەت ، يەتتە مىنۇت ، يەتتە سېكۇنت ، يەتتە دەقىقە تەجرىبە قىلىشتىن ئىسپاتلاندىكى ، چېكەتكىنىڭ ئىككى پۇتى

www.uyghurkitap.com

كېسىپ تاشلانسا ، سەكرەپ ئۇچالمايدۇ ، ئالدىنقى بۇرۇن سەزگۈ ئەزالىرى مىدىرلاپ تۇرسىمۇ ھەرقانچە شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنى ئۇرۇكۇمەي جىم ياتىدۇ ، پۇتىنى كېسىپ تاشلاش چېكىدە يوقىتىشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسىدۇر . »

## ياخشىغا ئىشارەت

پويىزدا ياشانغان بىر بوۋاي يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ يېنىدا ئولتۇرغان خانىمدىن ئىجازەت سوراپ دەپتۇ :

— چەكسەم ئېتىراز بىلدۈرمەسسىز ؟

— ئۆزىڭىزنى ئۆيىڭىزدىكىدەك ھېس قىلىۋېرىڭ .

— ياخشىغۇ ، — دەپتۇ بوۋاي خورسىنىپ ۋە تاماكىسىنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ .

## ۋەكىللىرىمىزنىڭ يېرىمى

ئىنگلىز يېزىقىدا چىقىدىغان بىر گېزىتتە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەنقىد قىلىنىغان بىر ماقالە بېسىلىپتۇ . ئۇنىڭدا : «ۋەكىللەرنىڭ يېرىمى ئوغرى ، پارىخور ، مۇتتەھەملەر ...» دېيىلگەنىكەن . شۇ كۈنى ھەممە يەر تەۋرىنىپ ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇپ كېتىپتۇ . شۇ سەۋەبتىن ئالاقىدار دائىرىلەر گېزىت مۇھەررىرىنى ماقالىگە رەددىيە يېزىپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ . ئەتىسى گېزىتكە رەددىيە ماقالە بېسىلىپتۇ . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىكەن : «ۋەكىللىرىمىزنىڭ يېرىمى ئوغرى ، پارىخور ، مۇتتەھەم ئەمەس ...»

## شىكايەت

بىر خانىم ئۆزىنىڭ ھىمايىچىسىگە يامان كۆرىدىغان ئېرى

ئۇستىدىن زارلىنىپ بېرىپتۇ .
— ئۇنداق بولسا ئاجرىشىپلا كېتىڭ ، — دەپتۇ ھەمسايىچىسى .
— ئەجەب قىزىق گەپ قىلدىڭىز ! مەن ئۇنىڭ قولىدا يىگىرمە يىل ئازاب چەكتىم . شۇنى بىلىپ تۇرۇپ ، سىز ئۇنى بەختلىك قىلىپ قويۇشۇمنى تەكلىپ قىلىۋاتىسىزغۇ !

## قورقۇش

خوتۇنى : ئىككى كۈن يېنىڭىزدا بولالمىدىم ، كالىلىڭىزغا ئاجايىپ يامان ئويلار كېلىپ تازىمۇ قورققانسىز ـ ھە ؟
ئېرى : ئەلۋەتتە ، سېنى قايتىپ كېلىدۇ دەپ تازىمۇ قورقۇپ تۇراتتىم .

## خوتۇنىڭىز توشقانمۇ

خىزمەتچى ئىشقا كېچىكىپ كېلىپ خوجايىنغا باھانە كۆرسىتىپ دەپتۇ :
— كېچە خوتۇنۇم تازىمۇ قىينالدى ، تۇغۇتى ناھايىتى قىيىن بولدى دەڭە .
ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن خىزمەتچى يەنە كېچىكىپ كېلىپ ھېلىقى سەۋەبنى يەنە كۆرسىتىپتۇ :
— كېچە خوتۇنۇم تۇغۇتتا تازىمۇ قىينىلىپ كەتتى .
— نېمە بالا بولدى ـ ھە ! خوتۇنىڭىز توشقانمىدى ئايمۇئاي تۇغۇۋېرىدىغان ؟
— ياقەي ، تۇغۇت ئانىسى ئىدى .

## ھوشيارلىق

شوتلاندىيىلىك بىر كىشى چىش دوختۇرخانىسىغا كىرىپلا

ياقچۇقىنى كوچىلاشقا باشلاپتۇ . بۇنى كۆرگەن دوختۇر
— چىشىڭىزنى داۋالاپ بولغاندىن كېيىن ھەق تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ .
— پۇل تاپشۇرماقچى ئەمەسمەن ، — دەپتۇ شوتلاندىيىلىك ، — سىز مېنى ناركوز قىلىشتىن ئاۋۋال قانچە پۇلۇم بارلىقىنى ساناپ قويساي دەۋاتىمەن .

## ھېچقىسى يوق

بىر بالا ئىككى دانە تۆمۈر تەڭگە يۇتۇۋالغانىكەن ، دادىسى شۇ ھامان دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ . دوختۇر قاچان ، قانداق تەڭگە پۇل يۇتۇۋالغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن دەپتۇ :
— ھېچقىسى يوق ، ئوپېراتسىيە قىلمىسىمۇ بولىدۇ .
— نېمىشقا ، دوختۇر ؟ — جىددىي سوراپتۇ دادىسى .
— كونا پۇل ئىكەنغۇ ، ھازىر ئۆتمەيدۇ .

## ئىچ ئاغرىتماسلىق

ئىككى ئوقۇغۇچى دۇكاندىن بىردىن شەپكە سېتىۋېلىپ كوچىغا چىقىشىغا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ .
— قانداق قىلىمىز ؟ — دەپتۇ بىرى شەپكىسىنىڭ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ .
— مۇنداق قىلايلى ، — دەپتۇ ئاغىنىسى ، — شەپكىمىزنى ئالماشتۇرۇپ كىيەيلى ، ئۇ چاغدا ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ «مېنىڭ ئەمەسقۇ» دەپ ئويلايمىز - دە ، ئىچىمىز ئاغرىمايدۇ .

## ئاياپ ئىشلىتىش

ئا : سىزنىڭ يەلپۈگۈچىڭىز نېمىدېگەن پۇختا ، يىگىرمە يىل

ئىشلەتسىڭىزمۇ يېپىپىڭى تۇرۇپتۇ .
ب : ناھايىتى ئاسراپ ئىشلىتىۋاتىمەن ، شامالدىماقچى بولسام ، يەلپۈگۈچنى ئەمەس ، بېشىمنى لىڭشىتىمەن .

## تاكسىغا ئولتۇرۇش

خېرىدار : پويىز ئىستانسىسىغا قانچە پۇلغا ئاپىرىپ قويىسىز ؟
شوپۇر : ئون فرانك .
خېرىدار : يۈك - تاقامغا قانچە پۇل ئالىسىز ؟
شوپۇر : ئۇلارغا پۇل ئالمايمەن .
خېرىدار : ئۇنداق بولسا ، يۈك - تاقامنى ئاپىرىپ قويۇڭ ، ئۆزۈم پىيادە باراي .

## ئاپتوبۇستىكى ئالدامچىلىق

بېلەت ساتقۇچى بېلەت تەكشۈرۈشكە باشلىغاندا ، بىر يولۇچى يانچۇقىنى ، باشقا نەرسىلىرىنى ئاختۇرۇپ بېلىتىنى زادىلا تاپالماپتۇ . بېلەت ساتقۇچى يولۇچىنىڭ بېلەتنى ئاغزىدا چىشلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلگەن پېتى بېلەتنى ئېلىپ يىرتىۋېتىپتۇ .
يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ھەمراھلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ :
— بېلەتنى چىشلىۋېلىپ ھەممە يېرىڭنى ئاختۇرۇپ يۈرۈسەنغۇ ، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە ؟ — دەپ كۈلۈشۈپتۇ .
— ساراڭ ؟ نەدىكىنى ، ئۇ كونا بېلەت ئىدى ، ئاي - كۈنى يېزىلغان يېرىنى چىشلەپ ئۆزۈۋەتكەنىدىم .

## خەپ توختا

ئورمان ساقچىسى ئىككى ئوۋچىنى تۇتۇۋېلىپ گۇۋاھنامىسىنى

تەكشۈرمەكچى بولغاندا، توساتتىن بىرى قېچىپ كېتىپتۇ، ساقچى خېلى ئۇزۇنغىچە قوغلاپ ئاخىر تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ گۇۋاھنامىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتىكەن، ساقچى خاپا بولۇپ:

— ئوۋ ئوۋلاش گۇۋاھنامەڭ تۇرۇقلۇق نېمىشقا قاچىسەن؟ — دەپتۇ.

— قېچىپ كەتكەن ئاۋۇ ئاغىنەمنىڭ يوق ئىدى.

— خەپ توختا!

## ماڭىمۇ يۇقۇپتۇ ـ دە

بىر ئەر كىشى دوختۇرغا تېلېفون بېرىپ:

— بالام قاتتىق ئاغرىپ قالدى، كېلىپ كۆرۈپ باقسىڭىز، — دەپتۇ.

— تۇنۇگۈن بېرىپ كۆرگەن، يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. بالىدىن ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار، بولمىسا يۇقتۇرۇۋالىسىلەر.

— ئاپلا، مەن بالامنى ئەركىلىتىپ سۆيۈپ قويغانىدىم.

— چاتاق بوپتۇ، ئۇنداقتا سىزگىمۇ يۇقۇپتۇ.

— قورقۇتماڭچۇ، كېيىن مەن خوتۇنۇمنىمۇ سۆيگەنىدىم.

— نېمە؟ — دوختۇرنىڭ رەڭگى تاتىرىپ تۇۋلاپ كېتىپتۇ، — ئاپلا! ... ئۇنداقتا ماڭىمۇ يۇقۇپتۇ ـ دە!

## قائىدىنى بىلمەيدىكەن

بىر ياپونىيىلىك چامباشچى نۇرغۇنلىغان چامباشچىلىق قائىدىلىرىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، دائىم باشقىلاردىن تاياق يەپلا يۈرىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— سەن مۇشتلىشىشنىڭ شۇنچە جىق قائىدىسىنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق دائىم باشقىلاردىن تاياق يەپلا كېلىۋاتىسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— رەقىبىم مەن ئۆگەنگەن قائىدە بويىچە ئۇرماي، ئۆزى

بىلگەنچىلا ئۆرۈپ كەتتى .

## كېيىن كەلگەن ئەقىل

بىر ئايال بىرسى ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى ، دەپ سوتقا ئەرز قىپتۇ . سوتچى ئەرنى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلسا ، ئۇ ئىقرار قىلماپتۇ . ئاخىر سوتچى ھۆكۈم چىقىرىپ ئەرگە 500 دوللار جەرىمانە قويۇپ ئايالغا ئېلىپ بېرىپتۇ . ئايال پۇلنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن سوتچى ھۆكۈمنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىنى ئويلاپ ھېلىقى ئەرگە دەپتۇ :

— ئايال ئېلىپ كەتكەن پۇلنى سەن بۇلاپ كەل .

ئەر كىشى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەرقانچە تالىشىپمۇ ئايالدىن پۇلنى ئالالماپتۇ . ئايال غەزەپلەنگەن ھالدا سوتقا يەنە كېلىپ ھېلىقى ئەر ئۇستىدىن مېنىڭ پۇلۇمنى بۇلىماقچى بولدى دەپ ئەرز قىپتۇ .

— پۇلىڭىزنى بۇلاپ كەتتىمۇ ؟ — سوراپتۇ سوتچى .

— ياق .

— ئالىقىنىڭىزدىكى تەييار پۇلنى بۇلىۋېلىشقا كۈچى يەتمىگەن ئادەمنىڭ سىزگە باسقۇنچىلىق قىلىشقا قانداقمۇ كۈچى يەتسۇن ، ئۇچىغا چىققان باسقۇنچى دەل ئۆزىڭىز ئىكەنسىز !

## كەچۈرۈمدىن كېيىنكى جېدەل

مادىن كوچىدا ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى ئاغىنىسىگە ئوخشىتىپ ، يۈگۈرۈپ بېرىپ مۈرىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپتىكەن ، ئۇ ئادەم چۆچۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ . مادىن ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ :

— كەچۈرۈڭ ، سىزنى ئاغىنەم ئانومىكىن دەپ قاپتىمەن ، — دەپ ئەپۇ سوراپتۇ .

www.uyghurkitap.com

ناتونۇش كىشى ئۇنىڭدىن رەنجىپ :
— ئاغىنەڭ بولسامۇ ئۇنداق قاتتىق ئۇرماسلىقىڭ كېرەك ـ دە ! — دەپتۇ .
مادىنىنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ :
— ھوي ، مەن ئانىنى ئۇرسام سەن نېمىشقا ماڭا ھۆركىرەيسەن ؟ ! — دەپتۇ .

## مېنى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇڭ

بىر كىشى رېستوراندا تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن خوجايىن يىگىرمە يۈەن تۆلەڭ ، دەپتۇ . مېھمان پۇلىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى پەملەپ خوجايىندىن سوراپتۇ :
— سىلەرنىڭ بۇ يەردە سەۋەبسىز بىر ئادەمنى ئۇرۇپ قويسا ، ئۇرغۇچى سوتقا قانچىلىك جەرىمانە تۆلەيدۇ ؟
— ئەللىك يۈەن تۆلەيدۇ .
— ئەمىسە مېنى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇڭ ـ دە ، ئوتتۇز يۈەننى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ .

## جاندىن پۇل تاتلىق

ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان بىر كىشى دوختۇرنىڭ نەسىھىتى بويىچە دەرھال ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ . ئۇنىڭ ئۆيى خېلى يىراقتا بولسىمۇ ، قىسقا بېكەتنىڭ بېلىتىنى ئاپتۇ . يېنىدا ئولتۇرغان كىشى بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن :
— ھەربىر بېكەتكە بارغاندا پويىزدىن چۈشۈپ بېلەت ئالغۇچە ئۆيىڭىزگە بارىدىغان پويىزنىڭ بېلىتىنىلا ئالسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— يولدا ئۆلۈپ قالسام پۇلۇم ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ ـ دە ، — دەپتۇ كېسەل كىشى .

## سىلىدىن بالدۇر ئۆلىمەن

بىر پالچى پادىشاھنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خانىشىغا پال ئېچىپ، پات ئارىدا ئۇنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەي خانىش ۋاپات بوپتۇ. پادىشاھ قاتتىق ئازابتا قاپتۇ ۋە پالچىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەكچى بولۇپ ئوردىغا چاقىرتىپ، يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ دەپتۇ:

— ئەي ناكەس، ئۆزۈڭنىڭ ئۆلىدىغان كۈنۈڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، تەقسىر، مەن ھەزرەتلىرىدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئۆلىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان شاھ دەررۇ:

— مۇلازىم! پالچىنى دەرھال ئوردىغا ئەكىلىپ ياخشى كۈتۈڭلار! — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

## قانداق ئۆلۈشنى ئۆزۈڭ تاللا

پادىشاھ بىر ئوغرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش پەرمانى چۈشۈرگەندە، ئوغرى پادىشاھتىن كەڭچىلىك قىلىشنى تىلەپتۇ.

پادىشاھ: جىنايىتىڭ ئېغىر، كەڭچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ، بىرلا يول، قانداق ئۆلۈشنى ئۆزۈڭ تاللىۋال.

ئوغرى: ئۇنداق بولسا تەقسىر، مەن قېرىپ ئۆلەي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىپكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۆزۈم ئەخمەق

## خوتۇنۇڭ ساڭا ئامراقمۇ

— خوتۇنۇڭ ساڭا ئامراقمۇ ؟
— بەك ئامراق ، سۆيۈملۈكۈم ، ئەزىزىم دەپلا تۇرىدۇ .
— نېمىدىگەن كۆيۈمچان ، دائىم شۇنداقمۇ ؟
— ھەئە ، ئەتىگەندە ئەزىزىم ، تاپلىيىمنى مايلىۋېتىڭ ، دەيدۇ ، چۈشتە سۆيۈملۈكۈم ، تاماقنى چاپسان تەييارلاڭ ، دەيدۇ ، كەچتە ئامرىقىم ، سۇ ئىسسىتىپ پۇتۇمنى يۇيۇپ قويۇڭ ، دەيدۇ .

## ئۆزۈم ئەخمەق

خوتۇنى چۈش كۆرۈپ يىرىم كېچىدە ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىپتىكەن ، ئېرى ئۇنى دەرھال ئويغىتىۋېتىپتۇ .
— توۋا ، قارا بېسىپ تازىمۇ يامان چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈشۈمدە ئۆلۈپ قاپتىمىشمەن .
— راسا ئەخمەق ئىكەنمەن ، نېمىشقا ئويغاتقاندىمەن سېنى .

## ئەگەر كۆڭلىنى ئالمىغان بولسام

تامىنىڭ خوتۇنى ھەر خىل ئامالالارنى قىلىپ ئاخىر ئېرىنى قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈۋاپتۇ . بىر كۈنى ئۇ ئېرى بىلەن قۇرۇلۇش ئورنىغا بارسا ، بىر ئىشچى تۇيۇقسىز خېنىمىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ :
— خېنىم ، كېيىمىڭىز بەك يارشىپتۇ ، بىراق ھېلىقى

چاغلاردىن سەل ئورۇقلاپ قاپسىز ، — دەپتۇ .

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېرى خوتۇنغا تەنە قىلىپ :

— ئەگەر ماڭا تەگمىگەن بولسىڭىز ، بۇ چاغقا قۇرۇلۇش ئىشچىسىنىڭ خوتۇنى بولۇپ يۈرەتتىڭىزكەن ، — دەپتۇ .

— ئەگەر شۇ ئەللىك ئىشچىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ كۆندۈرمىگەن بولسام ، سەن ھېلىمۇ لايچى بولۇپ يۈرۈۋېرەتتىڭ ! — دەپتۇ خوتۇنى مىيىقىدا كۈلۈپ .

## ئېرىمىمكىن دەپتىمەن

قاراڭغۇدا بىر ئەر دەرەخ تۈۋىدە تۇرغان بىر چوكاننى تۇيۇقسىز قۇچاقلاپ سۆيۈۋاپتىكەن ، چوكان ئەرنىڭ كاچىتىغا غەزەپ بىلەن بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ . ئەر خىجىل بولغان قىياپەتتە :

— كەچۈرۈڭ ، ئاشنامىمكىن دەپ قاپتىمەن ، — دەپ ئەپۇ سوراپتۇ .

— ھېچقىسى يوق ، — دەپتۇ ئايالمۇ كۈلۈمسىرەپ ، — مەنمۇ سىزنى ئېرىمىمكىن دەپ ئۇرۇپتىمەن .

## مېھماندارچىلىق

بىر كىشى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتىكەن ، ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە سۈت قويۇپ دەپتۇ :

— ئىچكىن ، ئاغىنە ، قايماق ، قېتىق ، سۈزمە ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە .

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سۈت بەرگەن كىشى ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتىكەن ، ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ساپاق ئۈزۈم قويۇپ دەپتۇ :

— مەرھەمەت دوستۇم ، شاراب ، كىشمىش ، سىركە ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئىچىدە .

## ئاستىمغا بېسىۋالغان

خىزمەتچى خادىم ئىشقا كېچىكىپ كەپتىكەن، باشلىقى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭىز ؟

— خوتۇنۇم ئۇن يۇەننى يوقىتىپ قويغانىدى .

— شۇنىڭ ئۈچۈنما ؟

— راسا ئىزدىدى دەڭە .

— خوتۇنىڭىز ئىزدىگەن بولسا ، سىز نېمە قىلدىڭىز ؟

— پۇلنى مەن ئاستىمغا بېسىپ ئولتۇرۇۋالغانىدىم .

## ئوغرىلارنىڭ پارىڭى

— توغرا ئىش قىلىش ياخشى ئىكەن ، ئاغىنە ، بۈنى تۈنۈگۈن بىلدىم ، — دەپتۇ بىر ئوغرى ئاغىنىسىگە .

— نېمە بولدى ؟

— ئېسىڭدىمۇ ، ئۆتكەندە بىر ئىتنى ئوغرىلاپ كەلگەنىدىم .

— ئېسىمدە .

— ئاشۇ ئىتنى ساتىمەن دەپ ئۈچ كۈن بىكار ئاۋارە بولدۇم ، بىر تىيىنغىمۇ سوراپ قويۇشمىدى . ئاخىر ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىۋىدىم ، ئۇ خۇشال بولۇپ رەھمەت ئېيتقانىنىڭ ئۈستىگە ئون يۈەن سۆيۈنچە بەردى .

# ئەرلەر نىمە ئۈيدا، ئاياللار نىمە كويدا

## چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسەم

خوتۇنى : چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسىڭىز خۇددى خوتۇنىڭىز يوقتەك قاراپ كېتىدىكەنسىزغۇ؟

ئېرى : گېپىڭ جايىدا بولمىدى ، خوتۇن ، مەن چىرايلىق ئاياللارنى كۆرگەن چېغىمدا ، خوتۇنۇم بولۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىمەن .

## جېدەلنىڭ سەۋەبى

سېتىقچى مېلىنى ساتقىلى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلسە ، ئۆيدە ئەر ـ خوتۇننىڭ جاڭجاللىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . ئۇ سەل تەختىر قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئۆيدىن بىر بالا يۇگۇرۇپ چىقىپتۇ .

— ئۆيىڭىزدىكىلەر ئۇرۇشۇپ قالدىما؟ — سوراپتۇ سېتىقچى .

— ھەئە ، دائىم شۇنداق ئۇرۇشىدۇ .

— داداڭ كىم؟

— ھە ، جېدەلنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ !

## خوتۇنىدىن قورقۇپ

ئا : ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتىكەن ، ئۆزىمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ب : ئۆزىڭىزمۇ كەتكىنى بىلمەمسىز؟
ئا : خوتۇنىمنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن.

## دەردتە قويۇپتۇ

ئىككى قەدىناس ئاغىنە ئۇچرىشىپ قېلىپ ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن بىرى دەپتۇ:
— ئاغىنە، ئەسلىدە بۇ سۆزنى ساڭا دېمىسەم بولاتتى، سېنىڭ ... سېنىڭ ھېلىقى خوتۇنۇڭ ھەققىدە ئىككى يۈزلىمە ئىكەن.
— دېمەك، سېنىمۇ دەردتە قويۇپتۇ - دە.

## قانچە پۇل ئالىدىكەن

ئېكراندا ئەر - ئايالنىڭ قىزغىن قۇچاقلىشىپ پەيزى قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن خوتۇنى ئەركىلىگەن ھالدا ئېرىنى نوقۇپ تۇرۇپ دەپتۇ:
— سىز مۇشۇ كەمگىچە مېنى ئاشۇ ئەرگە ئوخشاش خۇش قىلىپ قويمىدىڭىزغۇ.
ئېرى: ئۇ ئەرنىڭ ئاشۇ ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن قانچە پۇل ئالىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

## ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن

90 ياشلىق بوۋاي پۇلغا زورلاپ 20 ياشلىق قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ.
توي ئاخشىمى بىر ئورۇندا ياتىدىغان چاغدا بوۋاي قىزدىن سوراپتۇ:
— توي كېچىسى بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئاپىڭىز سىزگە

سۆزلەپ بەرگەندۇ ؟
قىز ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ :
— ياق ، — دەپتۇ .
— چاتاق بولدىغۇ ، بۇنداق چاغدىكى ئىشلارنى مەن ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ .

## ئاۋازىمدىن پەرق ئەت

ئېرى رەنجىگەن ھالدا خوتۇنىغا دەپتۇ :
— سەن كۆچۈكىمىزگە مېنىڭ ئىسمىمنى قويۇپسەنغۇ ، ئۇنى قىچقارساڭ مەن ئاڭقىرالماي قالىمدىمەن ؟
— ئەنسىرىمە ، مەن كۆچۈكنى مۇلايىم ئاۋازدا قىچقىرىمەن ، ئاۋازىمدىن پەرق ئېتىۋالساڭ بولىدۇ .

## كۈلسىڭىزچۇ

بىر ئەر خوتۇنىنى كۈتۈۋالغىلى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ خوتۇنى بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپتىكەن ، خوتۇنى خاپا بولغان ھالدا :
— سۆرۈن قارىماي ، كۈلسىڭىزچۇ ، قاراڭە ئاۋۇ ئەرنى ، خوتۇنى بىلەن قىزىق پاراڭلىشىپ ، كۈلۈشۈپ تۇرغىنىنى ، — دەپتۇ .
ئېرى : ئۇ ئەر خوتۇنىنى ئۇزاتقىلى چىققان ـ دە .

## دېھقان ئەر ـ خوتۇننىڭ پارىڭى

خوتۇنى : دادىسى ، ئىشا تۇغۇپتۇ .
ئېرى : تۇغسا تۇغمامدۇ ، بۇ ئۇنىڭ ئىشى .
خوتۇنى : ھەي ، سېنى بالىنىڭ دادىسى دەيدۇغۇ ؟
ئېرى : بۇ مېنىڭ ئىشىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

خوتۇنى : ئەمسە مەن قانداق قىلىمەن؟
ئېرى : بۇ سېنىڭ ئىشىڭ.

## ئۆزگەرتىش

ئا : سەن قانداق قىلىپ ئېرىڭنىڭ كىچىسى ئۆيگە قايتمايدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتۋالدىڭ؟

ب : بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى قاققاندا، مەن قەستەن «جىك، بۇ سەنمۇ!» دەپ قويۇۋىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن بالدۇر قايتىدىغان بولدى.

## بۇ بېكەت ئەمەس

بىر موماي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاپتوموبىلغا ئاران چىقىپ شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئاپتوموبىل ھەربىر بېكەتتە توختىغاندا، موماي كۈنلۈكىنىڭ ئۇچى بىلەن شوپۇرنىڭ كاسىسىغا نوقۇپ «بۇ قايسى بېكەت؟» دەپ سوراپتۇ. شوپۇر ئۈنچىقماي يەنە بىر بېكەتكە بېرىپ توختىغاندا، موماي كۈنلۈك ئۇچىنى قاتتىق سانجىپ يەنە سوراپتۇ:

— بۇ قەيەر؟

شوپۇرنىڭ كاسىسى ئاغرىغان چېغى، مومايدىن رەنجىپ:

— بۇ مېنىڭ كاسام، سىز چۈشىدىغان بېكەت ئەمەس! — دەپتۇ.

# قايتىشنىڭ كىرا پۇلى

## ھېچقىسى يوق

ئەر - خوتۇن ئىككىسى باغدا سەيلە قىلىۋاتقاندا، خوتۇنى تويۇقسىز :

— ۋاي قانداق قىلاي، توك دەزمالنىڭ توكىنى ئۈزۈۋەتمەي چىقىپتىمەن ئەمەسمۇ، ئۆيگە ئوت كېتەرمۇ ؟ — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ .

— ھېچقىسى يوق، خوتۇن، مەنمۇ سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۈمەكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ ئېرى .

## كىتاب بولۇپ قالسامچۇ

خوتۇنى : مەن بىر كىتاب بولۇپ قالغان بولسامچۇ كاشكى !

ئېرى : نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟

خوتۇنى : كىتاب بولغان بولسام، قولىڭىزدىكى كىتابقا قارىغاندەك كۆن بويى ماڭا قاراپ ئولتۇراتتىڭىز .

ئېرى : شۇنى بىلىپ قالغىنكى، مېنىڭ ھەرقانداق كىتابنى بىرلا ئوقۇپ تاشلىۋېتىپ، يەنە يېڭى كىتاب ئېلىپ ئوقۇيدىغان ئادىتىم بار .

## مەن بەدىنىڭىزنىڭ قەيرى

خوتۇنى تېلېۋىزورنى ئاچسا، ئېكراندا بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقىنى كۆرۈنۈپتۇ . ئەر خوتۇنىغا دەپتۇ :

— ئەزىزىم، مەن سېنى ئۆز بەدىنىمنىڭ بىر قىسمىدەك

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرىمەن .

بۇ گەپتىن تەسىرلەنگەن خوتۇنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان ئېرىنى نوقۇپ سوراشقا باشلاپتۇ :

— ھەي ! دەڭە ، سىز مېنى بەدىنىڭىزنىڭ قەيىردەك ياخشى كۆرىسىز ؟

ئەر خوتۇنىنىڭ سوئالىغا پەرۋا قىلماپتۇ .

— ھەي ! مەن سىزدىن گەپ سوراۋاتىمەن ، مەن بەدىنىڭىزنىڭ زادى قەيىرى ؟

— سەن مېنىڭ سوقۇر ئۈچىيىم ! — دەپتۇ خوتۇنىنىڭ جاھىللىق قىلىپ سوراۋېرىشىدىن بىزار بولغان ئېرى .

## بىر خىللا جاۋاب

خوتۇنى غەزەپ بىلەن ئېرىگە كايىپ كېتىپتۇ :

— مەن ھەر قېتىم يېڭى پەلتو ئېلىپ بېرىڭ دېسەم ، نېمىشقا بىر خىللا جاۋاب قايتۇرىسىز !؟

— سەنمۇ ھەر دائىم بىر خىللا تەلەپ قويۇۋاتساڭ ! — دەپتۇ ئېرى .

## ئۇنتۇمايمەن ، جىنىم

مونىكا : قەدىرلىكىم ، ھەرگىز ئۇنتۇماڭكى ، مەن ھازىرمۇ ئۇتتۇز ياش .

جېك : ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن جىنىم ، سىز بۇ گەپنى ماڭا دېگىلى يىگىرمە يىل بولدى دەڭە .

## ئەرگە جاۋاب

ئەر خوتۇنىغا دەپتۇ :

— خۇدا نېمىشقا ئاياللارنى ھەم چىرايلىق ، ھەم دۆت

يارانتقاندۇ ؟
— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى ، — بىزنى چىرايلىق يارانتقانلىقى ئۇچۇن سىلەر بىزنى ياخشى كۆرىسىلەر ، بىزنى دۆت يارانتقانلىقى ئۇچۇن بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز .

## چانمايدۇ

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن خوتۇنى ئېرىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ :
— ئەپۇ قىلىڭ ، يۈزىڭىزنى مورلاپ قانىتىپ قويدۇم . تالاغا چىقىشىڭىز تازىمۇ سەت بولىدىغان بولدى - دە .
— ھېچقىسى يوق ، مۇشۇكتىن بىرنى كۆتۈرۈۋالسام چانمايدۇ ، — دەپتۇ ئېرى .

## بىللە كېتەيلى

ئەر : كىيىم - كېچەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ نېمە قىلماقچىسەن ؟
ئايال : بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى . يىل بويى جاڭجاللىشىپلا كېلىۋاتىمىز . شۇڭا ، بۇ ئۆيدىن يوقىلاي دەيمەن .
ئەر : توختاپتۇر ، مېنىڭمۇ بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى ، كەتسەڭ بىللە كېتەيلى .

## قايتىشنىڭ كىرا پۇلى قېنى

توي قىلغىلى بىرنەچچە يىل بولغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ ، ئايالى يىغلىغان پېتى يامانلاپ كەتمەكچى بولۇپ :
— ھەرگىز سەن بىلەن ئۆي تۇتمايمەن ، نەرسىلىرىمنى ئېلىپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن ، — دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى ۋە ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئېرى : مەيلى ، مانا كىرا پۇلۇڭ .
خوتۇنى پۇلنى ساناپ بولۇپ دەپتۇ :
— قايتىپ كېلىدىغان كىرا پۇلىنى بەرمەپسەنغۇ؟

## ئۆيۈمدىن بىزار بولدۇم

بىر ئەر خوتۇنىنىڭ تىل ـ ئاھانىتىدىن جاق تويۇپ ، مېھمانخانىغا بېرىپ ياتماقچى بوپتۇ . مېھمانخانا خوجايىنى ئۇنى بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ دەپتۇ :
— بۇ ئۆي ناھايىتى ياخشى ، خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدەك ھېس قىلىسىز .
ئەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىپتۇ .
— ئەپەندى ، نېمە بولدى ؟
— مەن ئۆز ئۆيۈمدىن بىزار بولۇپ بۇ يەرگە كەلسەم ! ...

## ئاخشام مەن ئۆيدە يوق

ئا : ئاخشام ناھايىتى سەت ئىش بولدى دېگىنە .
ب : نېمە ئىش بولدى ؟
ئا : ئاخشام دېرىزەڭلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېدىم ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار يېلىمدەك چاپلىشىپ قىزىق سۆيۈشۈپ كېتىپسىلەر ، تازىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتىم .
ب : خەپ توختا ، ئۇ مۇناپىقنى !
ئا : نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟
ب : ئاخشام مەن ئۆيدە يوق تۇرسام .

# يىگىتلىك قىلىپ قويۇپتىمەن

## بىۋاپا خوتۇن

پولكوۋنىك بوسىر ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنى ئانىنىڭ ئاشنىسى شىبم بىلەن بىللە ياتقىنىنى كۆرۈپ، شىبمنى تىللاپ ئۆيدىن چىق دەپ قوغلاپتۇ. شىبمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا يېنىپ:

— سەن كۆزىمىزدىن يوقال! ئانىنا سېنى ئەمەس، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — دەپتۇ.

ئىككىسى خېلى جاڭجاللاشقاندىن كېيىن شىبم دەپتۇ:

— ئىككىمىز دۇئېلغا چىقايلى، كىم يەڭسە، ئانىنا شۇنىڭ بولسۇن.

بوسىر ماقۇل بولۇپ غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى قولىغا ئاپتىكەن، شىبم ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ:

— ئىككىمىز چوڭ ئۆيگە چىقىپ تورۇسقا ئىككى پاي ئوق ئاتايلى - دە، ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالايلى، ئانىنا قايسىمىزنىڭ يېنىغا بالدۇر بارسا شۇنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

ئۇلار ۋەدىسى بويىچە «پاك، پاك» قىلىپ ئىككى پاي ئوق چىقىرىپلا ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئانىنا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىككىسىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ، كىيىم ئىشكاپى تەرەپكە يۈگۈرگىنىچە توۋلاپتۇ:

— ئەزىزىم، تېز چىقىڭ، ئىككىلىسى ئۆلۈپتۇ!

## كۆزىڭىزنى قىسقۇچە ...

ماگىزىن ئالدىدا تۇرغان بىر خېنىمغا بىر يىگىت كۆز قىسىپ

www.uyghurkitap.com

زادىلا ئارام بەرمەپتۇ . ئاخىر خانىم يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ئەجەب تولا كۆز قىسىپ كەتتىڭىزغۇ ، نېمە دېمەكچىسىز ؟

— كۆڭۈل ئاچساق دەيمەن .

— پۇلىڭىز بارمۇ ؟

— پۇلۇم يوق ، كۆڭلۈم بار .

چوكان مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا دەپتۇ :

— پۇلىڭىز بولمىغاندىكىن ، كۆزىڭىزنى قىسقۇچە ، كۆتىڭىزنى قىسىڭ !

## قەرز پۇلنى قايتۇرۇش

پادىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارسا ، خوتۇنى يالغۇز ئىكەن ، ئىچ كۆڭلەك بىلەن تۇرغان خىنىمنىڭ زىلۋا بويىغا قاراپ ھەۋىسى قوزغىلىپ دەپتۇ :

— بەش يۈز يۈەن بېرەي ، مېنى خۇش قىلىپ قويسىڭىز . ئايال سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن ئەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ .

ئايالنىڭ ئېرى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ خوتۇنىدىن سوراپتۇ :

— پادىر ئۆيگە كەلدىمۇ ؟

خوتۇنى چۆچۈپ كېتىپ جاۋاب بېرىپتۇ :

— كەلدى ... ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟

ئېرى : بايا ئۇ يولدا ئۇچراپ قېلىپ «سەندىن قەرز ئالغان بەش يۈز يۈەن پۇلنى خوتۇنۇڭغا بېرىپ قويدۇم» دېدى .

— نېمە ؟ ... ھە راست ، بەردى ، بەردى ! ...

## گەپ بىلەن قىلتاقتا چۈشۈرۈش

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاشنا ئوينىغانلار ئۈستىدە پاراڭلىشىۋېتىپ ، ئېرى خوتۇنىغا مەقسەتلىك ھالدا دەپتۇ :

— ئەگەر مەنمۇ تاسادىپىي ئاشنا ئوينىۋالسام، سەن قانداق بىر تەرەپ قىلارسەن؟

— ھەرگىز غوۋغا كۆتۈرمەيمەن، ئەگەر مەن شۇنداق ئىشنى قىلىپ قويسام سىز قانداق قىلىسىز؟

ئېرى سەل ئويلىنىپ دەپتۇ:

— بۇ كىشىلەردىكى ھېسسىي ئاجىزلىق، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش جېدەل قىلماي كەچۈرۈم قىلىۋېتىمەن.

ئېرىنىڭ گېپىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن خېنىم دەرھال كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالغان ئەرنى تۇۋلاپتۇ:

— ھەي، بۇياققا چىقىڭ، ئېرىم سىزنى كەچۈرۈم قىلدى.

## شېرىن چۈش بۇزۇلدى

ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى ئاجىز بولغاچقا، بېشى قايغان يەرلەردە يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى ئۇخلاۋاتقاندا خوتۇنى جۆيلۈپ: «ۋاي شەرمەندە بولدۇم! چاپسان قېچىڭ، ئېرىم كېلىپ قالدى» دەپ تۇۋلاپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپتىن ئېرى چۆچۈپ ئويغىنىپ خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ دەپتۇ:

— ئىشتىنىمنى تاپالمىدىم، چاپسان مېنى مۆكتۈرۈپ قويۇڭ!

## ئاتىنىڭ ئىسمى

ئەتىگەنلىك ناشتىدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىدا ئىشلەيدىغان ئېرىدىن خوتۇنى سوراپتۇ:

— سىز كېچىچە جىس - جىس دەپلا سۆزلەپ چىقتىڭىز، جىس دېگەن كىم؟

— پولكىمىزدىكى بىر ئاتىنىڭ ئىسمى.

كەچقۇرۇن ئېرى كەلگەندە خوتۇنى دەپتۇ:

www.uyghurkitap.com

— ۋىك ، سىز ئىشقا كەتكەندە ھېلىقى ئاتتىن سىزگە ئىككى قېتىم تېلېفون كەلدى .

## بالكون يوق ئىدى

ئالتىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان ئايالنىڭ ئۆيگە ئاشنىسى كېلىشكە بىرى ئىشكنى چېكىپتۇ . ئايال ئاشنىسىغا :

— دەرھال بالكونغا چىقىپ مۆكۈنۈۋېلىڭ ، — دەپتۇ .

ئاشنىسى بالكونغا چىقىپ كېتىشكە ئېرى كىرىپ خوتۇنىنى سوراق قىپتۇ :

— راستىنى ئېيت ، ئۆيگە بىرى كەپتۇ ، تېپىۋالسام كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن .

— ئاشنام كېلىۋىدى ، بالكونغا مۆكتۈرۈپ قويدۇم .

— ئاپلا ، ساڭا دەپلا كېلىۋاتىمەنغۇ ، بىزنىڭ بالكون يوق دەپ !

## تەنتەك ئەر

ئېرى تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىق تۇتقىلى مېڭىپتۇ . ھاۋا ناچار ھەم سوغۇق بولغاچقا ، يېرىم يولدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ خوتۇنىنىڭ قوينىغا كىرىپ دەپتۇ :

— بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىكەن .

خوتۇنى ئۇيقۇلۇقتا ئېرىنى قۇچاقلاپ :

— شۇنى دېمەمسىز ، تەنتەك ئېرىم مۇشۇنداق ھاۋادا بېلىق تۇتقىلى كەتتى ، — دەپتۇ .

## دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ

بىر ئەر ساتىراشخانىغا كىرىپ ئۇستامدىن سوراپتۇ :

— ماڭا قاچان ئۆچىرەت تېگىدىكىن ؟

— بەش ئادەمدىن كېيىن .
— ئەمىسە ئەتە كېلەي .
ئەتىسى ئۇ كىشى يەنە كېلىپ سوراپتۇ :
— ئالتە ئادەمدىن كېيىن .
— ئەمىسە ئەتە كېلەي .
ئۇستام ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىپ ، بىر مايلامچى بالىنى ئارقىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ . بىردەمدىن كېيىن مايلامچى قايتىپ كېلىپ دوكلات قىپتۇ :
— دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ .
— چاپسان دە ، ھەققىڭنى ئاشۇرۇپ بېرىمەن .
— خوتۇنىڭىز بىلەن مۇھەببەتلەشكىلى ئۆيىڭىزگە كىرىپ كەتتى .

## رومانتىك ئەر بولسۇن

لوندونلۇق بىر خانىم ئامېرىكىغا ساياھەتكە بېرىپ ھەمراھ تونۇشتۇرۇش ئورنىدىن ئەر كىشى ياللاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتىكەن ، ئىش بېجىرگۈچى دەپتۇ :
— ئامېرىكىلىق ئەرلەرنىڭ ئىچىدە شىماللىق ئەرلەرمۇ ، جەنۇبلۇق ئەرلەرمۇ بار ، قايسىسىنى تاللىسىڭىز بولىۋېرىدۇ .
— شىماللىق ئەر بىلەن جەنۇبلۇق ئەر ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار ؟
— جەنۇبلۇقلارنىڭ ھەرىكىتى سىلىق ـ سىپايە ، ناھايىتى قىزغىن كۆرۈنىدۇ . شىماللىقلارنىڭ گېپى تاتلىق ، رومانتىك .
— ئەمىسە ، شىماللىققا مايىل جەنۇبلۇق ئەرنى تېپىپ بېرىڭلار .

## پۇتلىكاشاڭ

سودا سارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۇنلۇك توۋلاپ :
— ھۆرمەتلىك مېھمانلار ، ھازىر سېرىق كۆڭلەك كىيگەن

ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالدۇق . بالىسىنى يوقاتقۇچىلار دەرھال كۇتۇش ئۆيىگە كېلىپ بالىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ . ئىشىك تۇۋىدە تۇرغان بىر ئايال دوستىغا پىچىرلاپتۇ :

— بالامغا قارايدىغان ئادەم تېپىلدى ، يۈر ، تاللا بىرىنى ئايلانغاچ كۆڭۈل ئېچىپ كېلەيلى .

## ئاشنام ئىشتىنىنى كىيىۋالسۇن

بىر ئەر تېلېفون بوتكىسىدىن چىقىپلا ساقچى چاقىرىپتۇ . ساقچى دەرھال كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— نېمە ئىش بولدى ؟

— ئاۋۇ ئادەم بوتكىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىردى .

— نېمىشقا ئىشىكنى بۇزۇۋەتكۈچە ئاچمىدىڭ ؟

— ئاشنام ئىشتىنىنى كىيىۋالغۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى - دە .

## خېنىملارنىڭ ئارزۇسى

ئەللىك ياشلىق بىر مىليونېر يىگىرمە ياشلىق بىر قىزغا نەچچە قېتىم توي قىلىش تەلىپى قويسا ، قىز ئۇنىماپتۇ . ئاخىر مىليونېر ئاغىنىسىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ :

— بۇ قېتىم كۆرۈشكەندە نېمە دېسەم بولار ؟

— يېشىڭنى مۇۋاپىق كۆرمەيۋاتامدۇ - قانداق ؟ ھىم ... مېنىڭچە ، بۇ قېتىم 80 ياشقا كىردىم دېگىن ، چوقۇم شۇنداق دېگىن .

— ئېتىقسىز گەپ قىلمىساڭچۇ ، نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ !

— ھازىرقى ئايال لار مىليونېر تۇل خوتۇن بولۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ .

## ئەخلاقلىق ئىمىش

ئا : ئاڭلىشىمچە ، يىگىتىڭىز بىلەن توي قىلىشتىن يېنىۋاپسىز ؟ ئەخلاقلىق يىگىت ئىدىغۇ ، نېمىشقا يېنىۋالدىڭىز ؟

ب : پالچىغا بېرىپ پال ئاچتۇرساق ، مېنى ئۈچ باللىق بولىدىكەنسىز ، دېدى . ئۇنى تۆت پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز ، دېدى . ئويلاپ كۆرگىنە ، ئاشنا ئوينىمىسا تۆت بالىنى نەدىن تاپىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق بولغىنى شۇمۇ !

## سىڭلىڭىزنىڭ يېنىغا كېتەي

خوتۇنى : باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ، سىز مېنى ياخشى كۆرۈپ ئەمەس ، بەلكى مال - مۈلكۈمنى كۆزلەپ نىكاھىڭىزغا ئاپسىز ، راستمۇ ؟

ئېرى : ئىغۋا گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ .

خوتۇنى : توغرا دېدىڭىز ، مەن سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، مال - مۈلكۈمنىڭ ھەممىسىنى سىڭلىمغا بېرىۋەتتىم .

ئېرى : نېمە ؟ ئۇنداق بولسا ، مەن سىڭلىڭىزنىڭ يېنىغا كېتەي !

## ئەركىكى خۇشال

شېيس خوتۇنى بىلەن پىكاپىغا ئولتۇرۇپ دالا سەيلىسىگە چىقىپتۇ . ئۇلار كۇمۇشتەك يالتىراپ تۇرغان كۆل ساھىلىدا كېتىۋاتقاندا ، خوتۇنى بىر جۈپ ئاق قۇنىڭ كۆلدە ئويناپ پەيزى قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ھاياجىنىنى باسالماي ئېرىگە ئاق قۇلارنى كۆرسىتىپ دەپتۇ :

— قاراڭ ئۇلارغا ، نېمىدېگەن ئەركىن ، نېمىدېگەن شېرىن

ياشىغان ، بىزمۇ شۇلاردەك ياشىساق ـ ھە

شىبس ھېچقانداق زۇۋان سۇرمەپتۇ .

كەچتە ئۇلار سەيلىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ، خوتۇنى كۆلنىڭ قىرغىقىدا بىر ـ بىرىگە قانات سۈرتىشىپ ئويناپ يۈرگەن بىر جۈپ ئاق قۇنى يەنە كۆرۈپ ئېرىگە مەنىلىك قىلىپ دەپتۇ :

— قاراڭ ئۇلارغا ، يەنىلا ئايرىلماي بىللە يۈرۈپتۇ . نېمىدېگەن ئىناق !

شىبس بۇ قېتىم خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىپتۇ :

— ئۇبدانىراق قارىغىن ، چىشى ئاق قۇ ئەتىگەن سەن كۆرگەن ئاق قۇ ئەمەس ، شۇڭا ئەركىكى خۇشال .

## يىگىتلىك قىلىپ قويۇپتىمەن

جىم خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتىكەن ، خوتۇنى بىرھازادىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپتۇ . جىم يۈز ـ قولىنى يۇماقچى بولۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا ، خوتۇنى ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ دەپتۇ :

— يېڭى لۆڭگە ، سوپۇنلارنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويدۇم . يۈزىڭىزنى شۇ يەردە يۇيۇۋېلىڭ .

— يۇيۇنۇش ئۆيدە تازىلىق قىلغىنىم تۈزۈك ، — جىم شۇنداق دەپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى شۇنداقلا ئېچىپ ، ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ كىيىم كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ .

— كەچۈرگەيسىز ، — دەپتۇ يىگىت ھېچقانداق تەمتىرىمەي سالماقلىق بىلەن ، — راستىنى ئېيتسام ، يۇقىرىقى قەۋەتتىكى خانىم بىلەن ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىم بار ئىدى ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئېرى تاسادىپىي بالدۇر كېلىپ قالغانلىقتىن ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزىدىن سىلەرنىڭ تازىلىق ئۆيۈڭلەرگە چۈشۈپ كىيىم كىيىۋاتاتتىم . ئەرنىڭ قاياشى ئەر دېگەن گەپ بار . يىگىتلىك

قىلىپ قويغانلىقىمنى كەچۈرۈپ ، ئالدى ئىشكىڭىزدىن مېنى ئۈزىتىپ قويسىڭىز .

## ئىشارەتكە ئىشارەت

ئۆي جاھازلىرى ماگىزىنى ئاچقان بىر خوجايىن نيۇيوركقا مال ئالغىلى كېلىپ بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ . بىر چىرايلىق فرانسۇز كۈتكۈچى قىز دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ . خوجايىن فرانسۇز تىلى بىلمىگەچكە يانچۇقىدىن دەپتىرىنى ئېلىپ بىر رېستوران بىلەن ئەپچىل بىر ئۈستەلنى سىزىپ قىزغا ئىما قىپتۇ . قىز ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، كۈلۈپ تۇرۇپ ماقۇل دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر رېستورانغا بېرىپ تاماق يەپتۇ .

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن خوجايىن يەنە ئەر - ئايالنىڭ تانسا ئويناۋاتقان سۈرىتىنى سىزىپ قىزغا ئىما قىپتۇ . قىز ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھاللا چۈشىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار كەچكى تانسخانىغا بېرىپ شامپان ھارىقى ئىچىشىپ ، يېرىم كېچىگىچە تانسا ئويناپتۇ . قايتىش ۋاقتىدا قىز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قەغەزگە بىر كارىۋاتنى سىزىپ ئۇنىڭغا ئىما قىپتىكەن ، خوجايىن ساراڭلاردەك ھاڭۋېقىپ : «بۇ قىز مېنىڭ كارىۋات سېتىۋالىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ» دەپ ئويلاپ قاپتۇ .

## ئاشنام بىلەن بىللە ياتاي

بىر ئايال 38 ياشقا كىرگەن كۈنى سالامەتلىكىنى تەكشۈرتمەكچى بولۇپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ . دوختۇر رېنتگېندا تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دەپتۇ :

— سېمىس خانىم ، سىزدە ناھايىتى ئېغىر مەسىلە بار ئىكەن . ئۈچ ئايغىچە ئېرىڭىز بىلەن قەتئىي بىللە ياتماڭ .

www.uyghurkitap.com

ئايال : ياخشى دېدىڭىز ، دوختۇر ئەپەندى، ھازىردىن باشلاپ ئاشنام بىلەن بىللە ياتاي .

## تېز كېتىۋېلىڭ

بومبا ساقاللىق بىر ئەر خوتۇنىنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن ساقال ـ بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرۇپ كېچىدە ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا تۇيدۇرمايلا قوينىغا كىرىۋاپتۇ. خوتۇنى چالا ئۇيقۇلۇق ئېرىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ چۆچۈپ كېتىپ شۇ ھامان نوقۇپ دەپتۇ :

— ئامرىقىم ، تېخىچە يېتىپسىزغۇ ، ئېرىم كېلىپ قالىدۇ ، تېز كېتىۋېلىڭ ، تېز .

# ئەر ـ خوتۇنلار قۇۋلۇق قىلماڭلار

## بالام، ماڭا خوش دېگىن

جېم تاللا بازىرىدا مال ئېلىۋاتسا، بىر موماي ئۇنىڭغا راسا تىكىلىپ قارىۋېتىپ دەپتۇ:

— ۋىيەي، ۋىيەي، سەن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلۇمغا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەنسەن، بالام، ئېغىر كۆرمىسەڭ، مەن ماڭغاندا «خەير ـ خوش، ئاپا» دەپ قول شىلتىپ قويساڭ.

جېم مومايغا ئىچ ئاغرىتىپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دەپتۇ:

— خەير ـ خوش، ئاپا!

مومايمۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇنلۇك توۋلاپتۇ:

— خوش، بالام!

جېم سودىسىنى قىلىپ ئىشىكتىن چىقىشىغا مۇلازىم ئالدىنى توسۇپ دەپتۇ:

— ئەپەندى، ئاپىڭىز ئالغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىڭ.

## ئۇسۇلىڭىز ياخشى بولسا

ئاپىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ مۇئەللىمىدىن:

«ئوغلىڭىز تىرىشچان ھەم قابىلىيەتلىك، بىراق كۆپ ۋاقتىنى قىزلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. مەن ھازىر ئۇنىڭ شۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۇستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن» دېگەن خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ئاپىسىمۇ مۇئەللىمگە: «پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، ئۇسۇلىڭىز ياخشى ئۇنىم بەرسە ماڭىمۇ مەلۇم قىلىۋەتىسىڭىز. مەن شۇ ئۇسۇلىڭىزنى ئوغلۇمنىڭ دادىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قوللىنىپ باقاي» دەپ جاۋاب خەت يېزىپتۇ.

## تەڭرىدىن تىلەش

بىر چوكان ئېرىنىڭ پىخسىقلىقىدىن زارلىنىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، ئۇ يەردە تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئەي، ھەممىگە قادىر خۇدا، ئەمدى مېنى بىر مىليونېرنىڭ خوتۇنى قىلىپ قويساڭ...

چوكاننىڭ نالىسىنى ئاپىسى ئاڭلاپ:

— تىلىكىڭنى بىر يولىلا ئېنىق ئېيتقىن، قىزىم، مىليونېرنىڭ خوتۇنى قىلىپ قوي دېمەي، تۇل خانىمغا ئايلاندۇرۇپ قويغىن دېگىن، — دەپتۇ.

## كۆچۈپ كېتەيلى

خوتۇنى: كىيەي دېسەم كۆڭلىكىم قالماپتۇ.

ئېرى: ئىشكاپتا كۆڭلەكلىرىڭ لىق تۇرىدۇغۇ.

خوتۇنى: ھەممىسىنى كىيىپ بولغانمەن، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرگەن. ھېچكىم كۆرمىگەن كۆڭلەك كىيگۈم بار.

ئېرى: بۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى، خوتۇن، ئۇنداقتا بىز باشقا بىر مەھەللىگە كۆچۈپ كېتەيلى.

## دادامنىڭ پەمى بار

— تونى، سېنىڭ دادىڭ نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟

— ساقچى، يەنە قاۋاقخانىدا قوشۇمچە كۈتكۈچىلىك قىلىدۇ.

— بىر ئادەم ئىككى خىل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىدۇ؟

— دادامنىڭ پەمى بار، ئاۋۋال مېھمانغا ھاراق قۇيۇپ بېرىپ،

شىر كەيپ قىلغاندىن كېيىن قالايمىقانچىلىق چىقاردىڭ ، دەپ قولىغا كويزا سالىدۇ .

## مومايىنىڭ تېلېفونى

بىر موماي ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تېلېفون بېرىپ سوراپتۇ :

— ئالو ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىمۇ ؟

— ھەئە ، تېز سۆزلەڭ ، نەگە ئوت كەتتى ؟ !

— مەن ئۆيىمنىڭ ئالدىغا مىڭ بىر جاپادا جۇخاگۈلى ، مودەنگۈل تېرىغانىدىم ، تازىمۇ ئوبدان غۇنچىلىغانىدى …

— ئالو ، خانىم ، گۈللەرنى قانداق پەرۋىش قىلىشنى باغۋەنچىلىك ئىدارىسىدىن سوراڭ !

— ئالو ، ئالو ، ۋەي گېپىمنى بۆلمەي تۇرۇڭ ! قوشنامنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى ، سىلەر ئوت ئۆچۈرگىلى كەلگەندە گۈللىرىمنى دەسسىۋەتمەڭلار …

## چېكەمسىز ، ئىچەمسىز

بىر بوۋاي دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئاران مېڭىپ كىرىپ ھاسىراپ تۇرۇپ دەپتۇ :

— ئەمدىلا 85 ياشقا كىردىم ، يەنە ئۇزاقراق ياشاي دەيمەن .

دوختۇر سەۋرچانلىق بىلەن سوراپتۇ :

— تاماكا چېكەمسىز ؟

— ياق ، ئەزەلدىن چېكىپ باقمىغان .

— ھاراق ئىچەمسىز ؟

— ياق ، ھەرگىز ئېغىزىمغا ئېلىپ باقمىغان .

— گۆش ـ بېلىقلارغا ئىشتىھايىڭىز باردۇ ؟

— بۇ نەرسىلەر ئادەمنى تېز قېرىتىۋېتىدۇ .

www.uyghurkitap.com

— خوتۇنىڭىز بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ، ھۇزۇرلىنىپ تۇرامسىز ؟

— ئىللا ـ بىللا خوتۇن خەقنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىدىم .

— خوش ، ئۇنداق بولسا ، بوۋاي ، — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ دوختۇر ، — سىز ئۇچۇن ياشاشنىڭ ئەڭ ھۇزۇرى ئۇخلاش . ئۇزاق ـ ئۇزاققىچە ئۇخلاپ قىلىڭ !

## يەنە ئويغىتىمەن

رېستوراندا بىر مېھمان مەست بولۇپ بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ ، بىر مۇلازىم ئۇنى ئويغاتماقچى بوپتىكەن ، نېرىدا تۇرغان يەنە بىر مۇلازىم ئىشارەت قىلىپ ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ سوراپتۇ :

— ئۇ مەستنى نىمە قىلاي دەيسەن ؟

— ئويغىتىپ تالاغا چىقىرىۋېتىمەن .

— ئەخمەقلىق قىلما ، بولمايدۇ .

— ئۇنداق يېتىۋالسا ، كىرگەن مېھمانلار تاماق يېمەي چىقىپ كېتىدۇ ـ دە .

— ھەي ئەخمەق ، ئۇنى باياتىن ئىككى قېتىم ئويغاتتىم ، ھەر قېتىم ئويغانغاندا پۇل تۆلەشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەپ ئوتتۇز يۈەندىن بەردى . سەل تۇرۇپ يەنە ئويغىتىمەن .

## بۇ خانىم خوتۇنىڭىزمۇ

دارۋىن پارىژغا بارماقچى بولۇپ ئاغىنىسىدىن ماشىنا سوراپتۇ .

ئاغىنىسى : خوتۇنۇمنى پارىژغا ئېلىپ كەتسەڭ بېرىمەن ، — دەپتۇ .

دارۋىن ئاغىنىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن فرانسىيە چېگراسىغا

بارغاندا ساقچىلار ئۇلارنىڭ پاسپورتلىرىنى تەكشۈرۈپتۇ :

— بۇ سىزنىڭ ماشىنىڭىزمۇ ؟

— ياق ، ئاغىنەمدىن ئارىيەت ئالغان .

— بۇ خانىم سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بولامدۇ ؟

— ياق ، ئاغىنەمنىڭ خوتۇنى .

ساقچى قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ دەپتۇ :

— ياخشى ئاغىنىڭىز بار ئىكەن ، ماشىنىسىنىمۇ ، خوتۇنىنىمۇ ئارىيەت بەرگىنىنى قاراڭ .

## قۇلاققا پىچىرلاش

دۇكـــان خوجايىنى خوتۇنىنى بىر چەتكە چاقىرىپ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ :

— بۇگۈن مىخائىلنىڭ دۇكىنىدىن نەرسە سېتىۋالما جۇمۇ .

— نېمە ئىش بولدى ، سۆيۈملۈكۈم ؟

— بىزنىڭ تارازىنى بىر كۈن ئىشلىتىپ تۇراي دەپ ئارىيەتكە ئېلىپ كەتتى .

## ۋەدەڭلەردە تۇرۇڭلار

بىر مىليونېرنىڭ خوتۇنى «ئۈچ كۈن ئىچىدە بىز كۆرسەتكەن يەرگە 50 مىڭ دوللار ئەكېلىپ بېرىسەن ، تاپشۇرمىساڭ ، ئېرىڭنى ئۆلتۈرىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى بىر پارچە تەھدىت خېتى تاپشۇرۇۋاپتۇ .

مىلىيونېرنىڭ خوتۇنى دەرھال بىر پارچە خەت يېزىپ قاراقچىلار كۆرسەتكەن يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ . قاراقچىلار كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسا ، ئىچىدىكىسى پۇل ئەمەس ، خەت ئىكەن . خەتتە مۇنداق دەپتۇ : «شەرتىڭلار بويىچە ۋەدەڭلەردە تۇرساڭلار ، كېيىن مەن سىلەرگە 100 مىڭ دوللار بېرىمەن .»

## مەن باجگىر

— پاھ ، دۇكىنىڭىز قالتىس ئىكەنغۇ ، نىمىدىگەن جىق ئېسىل ماللار ، — دەپتۇ بىر كىشى دۇكانغا كىرىپ .

— كەلسىلە ، كەلسىلە ، — دەپتۇ دۇكان ئىگىسى بۇرۇنىنى تولغاپ ، ئۇدۇلىمىزدىكى ئاۋۇ سولتەك تۆت تال ماتانى داڭلاپ كۈنىگە نەچچە مىڭ تەڭگىلىك سودا قىلىۋاتىمەن دەپ مەندىن بازار تالىشىۋاتىدۇ . مال دىگەن مۇنداق بولىدۇ دىسىلە .

— سودىڭىز قالتىس بولۇۋېتىپتۇ ـ دە ؟

— شۇنداق ، تەقسىر ، كۈنىگە بەش مىڭ تەڭگىدىن تۆۋەن بولمايدۇ . خوش ، ئۆزلىرى قايسى رەختتىن ئالىدىلىكىن ؟

— يوقسۇ ، سودىڭىز ياخشى بولسا ، باجنى تۆلىۋەتسىڭىز ، مەن باجگىر بولىمەن .

— ...

## بىردەم تەخىر قىلسىچۇ

مىسسى خانىم يېڭى كەلگەن كۈتكۈچى ئايالغا دەپتۇ :

— ھازىر ئوغلۇم كەلمەكچى ، كەلسە يېنىمغا باشلاپ كىرىڭ .

ھايال ئۆتمەي بىر ئەر ئۆيگە كىرىپتۇ ، كۈتكۈچى ئايال ئۇنى خانىمنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ :

— خانىم ، مېھمان كەلدى ، — دەپتۇ .

خانىم بىر ئىش بىلەن بەند بولغاچقا بېشىنى كۆتۈرمەيلا :

— جېنىم ، سېنى تولىمۇ سېغىنىپ كەتتىم ، كەل ، سۆيۈپ قوياي ، — دەپ بۇرۇلۇشىغا ، ھېلىقى مېھمان دەرھال خانىمنى چىڭ قۇچاقلاپ قاتتىق سۆيۈپ ـ سۆيۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

— بېشىڭنى يەيدىغان ، ئوغلۇم ئەمەس ئىكەنغۇ ، شۇنچە يىراقتىن كېلىپ سۆيۈپلا قاچقۇچە ، بىردەم تەخىر قىلسا بولمامدىكىنە !

# بۇ خورازمۇ پوخۇر چىقتى

## موما ، چىشىڭىز ساقمۇ

باغچىدىكى ئورۇندۇقتا بىر موماي ئولتۇرسا ، بىر ئوغۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ سوراپتۇ :

— موما ، ياخشىمۇسىز ، چىشلىرىڭىز ساقمۇ ؟

— ياق ، بالام ، ھەممىسى چۈشۈپ كەتتى .

— تەلىيىم بار ئىكەن ، مۇنۇ بادامىلىرىمنى ساقلاپ تۇرسىڭىز ھازىرلا يېتىپ كېلىمەن .

## مۇئەللىم ، بىلىپ قېلىڭ

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا «ئەگەر مەن مىليونېر بولسام» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشنى تاپشۇرۇپتۇ . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىشقا كىرىشىپتۇ . پەقەت پىللىسلا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرۈپ مۇئەللىم ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— پىللىس ، سەن نېمىشقا تاپشۇرۇقنى يازمايسەن ؟

— بىلىپ قويۇڭ ، مۇئەللىم ، مىليونېر پۇل تېپىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايدۇ .

## ئۇشقىرتساڭ كېلىدۇ

دادىسى ئوغلى نىكنى ئېلىپ ئاپىسىنى يوقلىغىلى پويىزدا كېتىۋاتقاندا ، نىك دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ دادىسىغا ئارام

بەرمەپتۇ . شۇڭا ، نىك بېشىنى ئۇچىنچى قېتىم دېرىزىدىن چىقىرىشىغا ، دادىسى ئۇنىڭ شەپكىسىنى ئېتىك ئېلىۋېلىپ «شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى» دەپتىكەن ، نىك يىغلاشقا باشلاپتۇ . دادىسى ئۇنىڭ يىغىسىنى توختىتىش ئۇچۇن : «ئۇشقىرتساڭ شەپكەڭ قايتىپ كېلىدۇ» دەپتۇ . نىك دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇشقىرتىشىغىلا ، دادىسى تىقىپ قويغان شەپكىسىنى ئېتىك بېشىغا كىيدۇرۇپ قويۇپتۇ . نىك بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ، كۆڭلىدە : «بۇ قىزىق ئىش ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، دادىسىنىڭ شەپكىسىنى ئېلىپ دېرىزىدىن تاشلىۋېتىپ دەپتۇ :

— دادا ئۇشقىرتقىنا ، شەپكەڭ ھازىر قايتىپ كېلىدۇ .

## يالغان ئېيتسا بولامدۇ

ئاپىسى : ئوغلۇم ، بانانىڭ قايسىسىنى يەيسەن ؟

ئوغلى : يوغىنىنى يەيمەن .

ئاپىسى : ئەدەپلىك بول ، ئوغلۇم ، كىچىكىنى يېگىن .

ئوغلى : ئاپا ، ئەدەپلىك ئادەم يالغان ئېيتسا بولامدۇ ؟

## پوپنىڭ قىزى

پوپ قىزىنى بىرىنچى قەۋەتتە يالغۇز ياتقۇزۇپ قويسا ، قىزى قورقۇپ ئۇخلىماي يىغلاپتۇ . بىر چاغدا پوپ ئىككىنچى قەۋەتتىن چۈشۈپ قىزىدىن سوراپتۇ :

— ئۇخلىماي نېمىشقا يىغلايسىز ؟

— قورقۇۋاتىمەن ، دادا .

— قورقماڭ قىزىم ، خۇدايىم ھەمراھ بولىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، دادا ، سىز خۇداغا ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ يەردە يېتىڭ ، مەن ئاپامنىڭ يېنىغا چىقىپ ياتاي .

## قىزنىڭ قارشى ئېلىش سۆزى

نورى ئۆيىگە بىرنەچچە ئاغىنىلىرىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ھاراق - شاراب تەق بولغاندىن كېيىن، ئۇ بەش ياشلىق قىزىغا مېھمانلارغا قارشى ئېلىش سۆزى قىلىپ بەر دەپتىكەن، قىزى خىجىل بولۇپ «نېمە دېيىشنى بىلمەيمەن» دەپتۇ. بىر يازغۇچى دەرھال قىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئاپىڭىز سۆزگە ئۇستىغۇ، سىزمۇ ئاپىڭىزنى دوراپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ بېرىڭ» دەپتۇ.
قىز ئاران ماقۇل بولۇپ سۆز قىپتۇ:
— ئاھ، خۇدا! مەن شۇنچىۋالا نۇرغۇن پۇلنى خەجلەپ نېمىشقا بۇلارنى مېھمان قىلىمەن؟! تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلۇم بىردەمدىلا تۈزۈپ كەتتىغۇ!

## ئىمتىھان نەتىجىسى

ئوقۇغۇچى: بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا نېمىشقا ماڭا نۆل قويدىڭىز؟ ئادىل بولماپتۇ، مۇئەللىم.
مۇئەللىم: دەرۋەقە شۇنداق بولۇپ قالدى. راستىنى ئېيتسام، زادى باشقا ئامال تاپالمىدىم، نۆلدىن تۆۋەن نومۇر يوق ئىكەن ئەمەسمۇ.

## ئالدىن بايقاش

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسىنى ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىنى بېرىپ دەپتۇ:
— مۇنۇ دورىنى ئىچىپ ئۆيۈڭگە قايتقىن.
— مېنىڭ ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ، مۇئەللىم.
— ئىمتىھان نومۇرۇڭنى داداڭغا كۆرسەتسەڭ، شۇ چاغدا پۈتۈن بەدىنىڭ ئاغرىشقا باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سىرتقا يايما دېگەن

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن كەسكىن ئۇرۇش ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جىممىدە ئولتۇرۇپتۇ.

— كۆرگەنلىرىڭلارنى سۆزلەپ بەرسەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ مۇئەللىم تەلىپىنى يېنىكلىتىپ.

— مۇئەللىم، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن كەسكىن ئۇرۇشلارنى كۆپ كۆرگەن، لېكىن ئاپام ئۆيدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سىرتقا يايماڭلار، دەپ جېكىلىگەنىدى.

## چۈجە ئەمەيدۇ

مۇئەللىم جانلىقلارنىڭ ئۆزلۈكلىنىشى توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈپ دەپتۇ:

— بايتال تۇغسا، تايچاق تۇغۇلۇپلا ئانىسىنى ئېمىدۇ، يولۋاس، ئېيىق، ئىتنىڭ بالىلىرىمۇ تۇغۇلۇپلا ئانىسىنى ئېمىدۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەممەيدىغان جانلىق يوق. چۈشەندىڭلارمۇ؟

— رۇخسەتمۇ، — دەپتۇ تام ئورنىدىن تۇرۇپ، — تۇغۇلۇپ ئانىسىنى ئەممەيدىغان جانلىقلارمۇ بار. مەسىلەن، يېڭىلا تۇخۇمدىن چىققان چۈجە ئانىسىنى ئەمەيدۇ.

## راكېتا نېمىشقا تېز ئۇچىدۇ

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسىدىن سوراپتۇ:

— بىك، ئېيتقىنا، راكېتا نېمە ئۈچۈن تېز ئۇچىدۇ؟

بىك ئورنىدىن تۇرۇپتۇيۇ، جاۋاب بېرەلمەي قاپتۇ.

— ئېيتقىنا، زادى نېمە ئۈچۈن؟ — سوراپتۇ مۇئەللىم يەنە.

— مۇئەللىم، — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ بىك، —

ھەرقانداق نەرسىنىڭ كۆتىگە ئوت قويسا ئەلۋەتتە ئۇچقاندەك يۇگۇرىدۇ ــ دە .

## پەرىشتىنى كۆردۇم

دىن دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ . ئۇ دەرھال ئويغىنىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىماقچى بولۇپ دەپتۇ :

— مەن بىر چۈش كۆردۇم ، چۈشۈمدە پەرىشتىنى كۆرۈپتىمەن .

ئىككىنچى كۈنى مۇئەللىم دەرسكە كىرگەندە ، بىر ئوقۇغۇچى ئۇخلاپ قاپتۇ . مۇئەللىم ئۇستەلنى ئۇرۇپ ئۇنى ئويغىتىپ تەنقىد قىلىپ دەپتۇ :

— دەرس ۋاقتىدا نېمىشقا ئۇخلايسەن ؟

ئوقۇغۇچى : مەنمۇ پەرىشتىنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم .

مۇئەللىم : خوش ، ئېيتە ، پەرىشتە نېمە دېدى ؟

ئوقۇغۇچى : ئۇ تۈنۈگۈن سىزنى كۆرمىدىم ، دېدى .

## ياخشى چارە

— ئاپا ، ئاپا ! تۈگىدىكى سۈتنىڭ ئىچىگە چاشقان چۈشۈۋاپتۇ .
— يامان بوپتۇ ، بالام ، چاشقاننى ئېلىپ تاشلىۋەتتىڭمۇ ؟
— ياق ، تۈگىگە مۈشۈكنى چۈشۈرۈۋەتتىم .

## بۇلبۇلنىڭ مۈڭگۈزى بارمۇ

كۆپلىگەن جانىۋارلار بۇلبۇلنى ماختىشىپتۇ . بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئۆكۈز :

— بۇلبۇلنى ئەجەب ماختاپ كەتتىڭلارغۇ ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇنداق يوغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇلبۇلنىڭ مۇڭگۈزى بولمايدۇ.
— توۋا، مۇڭگۈزى بولمىسا نېمانچە ماختىنىشىدىكەن — دەپ ھەيران بوپتۇ ئۆكۈز.

## بۇ خورازمۇ پوخۇر چىقتى

بىر كىشى ياۋاشراق كۆرۈنگەن بىر خورازنى سېتىۋېلىپ كاتەككە سولاپ قويۇپتۇ. كاتەكتىكى خوراز يېڭى كەلگەن خوراز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن دەپتۇ:
— ئاۋۇ مېكىيانلارنى كۆردۈڭمۇ، ئىككىمىز شۇلار تەرەپكە يۈگۈرىلى، كىم بالدۇر بارسا، مېكىيانلار شۇنىڭ بولسۇن.
ئۇلار يۈگۈرگەندە، كونا خوراز قەستەن ئاستا يۈگۈرۈپتۇ. يېڭى خوراز بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئىگىسى چىقىپ قىلىپ ئالدىدا كېتىۋاتقان يېڭى خورازنى «تاك» قىلىپ ئېتىپ تاشلاپ، ئەلەم بىلەن ئۆز - ئۆزىگە دەپتۇ:
— بۇ لەنىتىمۇ مېكىيانلارغا تۇخۇم تۇغۇش پۇرسىتى بەرمەيدىغان پوخۇر چىقتى! كونا خورازدەك سەۋرچان بولسىچۇ كاشكى.

## ئاپتوموبىل ئۆتمىدى

ئوغلى ئاپىسىدىن سوراپتۇ:
— موماملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناپ كېلەيمۇ؟
— ماقۇل، قوزام، لېكىن يولدىن ئۆتكەندە پەخەس بولغىن، ئاپتوموبىللار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆتكىن جۇمۇ!
ئوغلى «ماقۇل!» دەپ خۇشال ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىغلىغىنىچە قايتىپ كەپتىكەن، ئاپىسى ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— نېمە بولدى ، قايتىپ كىرىپسەنغۇ ؟

— سەن كوچىدىن ئاپتوموبىللار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆتكىن دېگەنىدىڭ ، ھازىرغىچە ساقلىسام ، بىرمۇ ئاپتوموبىل ئۆتمىدى .

## بەش يۇز غاز

مۇئەللىم چۇرقىرىشىپ جىم ئولتۇرمايۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارغا كايىپ دەپتۇ :

— ئىككى خوتۇن بىر يەردە بولسا مىڭ غازغا تەڭ دېگەندەك ، نېمانچە چۇرقىرىشىسىلەر .

ھايال ئۆتمەي مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى كەپتىكەن ، بىر ئوقۇغۇچى يۈگۈرۈپ بېرىپ مۇئەللىمگە ئېيتىپتۇ .

— مۇئەللىم سىزنى بەش يۇز غاز ئىزدەپ كەپتۇ .

## سوئالغا جاۋاب

تېببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىپتۇ .

— ھانبور ، ئادەم زەھەرلىك نەرسە يەپ قويۇپ ئۆلۈش ھالىتىدە تۇرغاندا دەرھال نېمە تەييارلىقلارنى قىلىش كېرەك ؟

ھانبور : يۇغۇچىلارنى چاقىرىپ كېلىش كېرەك ، ئەپەندى .

## ھاجىتى يوق ، دادا

— قاچا - قومۇچلارنى يۇيۇۋېتىڭ ، — ئېرىگە بۇيرۇق قىپتۇ خوتۇنى . ئەر خوتۇنىنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىشنى بىلەلمەي كۆرۈپ ئوغلىنى ئىشقا سالماقچى بوپتۇ :

— ئوغلۇم ، ھازىر مەن ساڭا قاچا يۇيۇشنى مەشق

www.uyghurkitap.com

قىلدۇراي ، ئۆگىنىۋالساڭ ، كەلگۈسىدە خوتۇنۇڭغا ئوبدان ياردەم قىلالايسەن .

— ھاجىتى يوق ، دادا ، كەلگۈسىدە مەنمۇ بالامنى قاچا يۇيۇشقا سالىمەن .

## تونۇپ قالمىسۇن

مېسىر خانىم ئېرىگە «بۈگۈن ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ» دەپتىكەن ، ئېرى كۆنلۈكلەرنى ئالمان ـ تالمان ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تىقىشتۇرۇۋېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ خوتۇنى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، مېھمانلار بۇ نەرسىلىرىڭىزنى ئوغرىلاپ كېتەتتىمۇ ؟

— تولا كاپىشما ، خوتۇن ، ئۇلار تونۇپ قالسا شەرمەندە بولىمىز .

# ئىككى ئالدىنقى سەپنى قوغداش

## شەھەر ئىلىشتىن تەس ئىكەن

ھەرقايسى جەڭلەردە كۆرمىگەك قىتىم شۆھرەت قازانغان گېنېرال ئۆيىگە كەلگەندە، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك غال ـ غال تىترەپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى جەڭچىلەر گېنېرالدىن سوراپتۇ:

— نى ـ نى ياۋۇز دۈشمەنلەردىن قورقماي، نەچچە شەھەرنى ئىشغال قىلغان قەھرىمان گېنېرال تۇرۇقلۇق، نېمىشقا قولىدا زىخچىلىك تۈمۈرمۇ بولمىغان خوتۇنىڭىزنىڭ ئالدىدا غال ـ غال تىترەپ كېتىسىز؟

— كېيىن چۈشىنىپ قالىسىلەر، خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئىلىش شەھەر ئىلىشتىن تەس ئىكەن، — دەپتۇ گېنېرال تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ.

## ئىككى ئالدىنقى سەپنى قوغداش

ئۇرۇش مەزگىلىدە بىر گېنېرال ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. گېنېرالنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەپدىشى بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— دوستۇم، ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— ئېخىمۇ جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ، چۈنكى ئەمدى ئىككى ئالدىنقى سەپنى قوغدىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.

## كاپىتاننىڭ تونۇشلىرى

دېڭىز ئارمىيە كاپىتانى بىر يىلدىن كېيىن ئۆيىگە [illegible] ئىلىنىشقا كەپتىكەن، خوتۇنى بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ.

— پاھ، قالتىس سوۋغات كۆتۈرۈپ كەپسەنغۇ، كىمنىڭ ھىممىتى بۇ؟ — قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا سوراپتۇ كاپىتان.

— چاقچاق قىلماي بالىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ.

— مەن بىر يىلدىن ئارتۇق دېڭىزدا يۈرسەم، بېك، مىكلار ئۆيدە قوندىمۇ يە!

خوتۇنى بېشىنى چايقاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، چوقۇم ھىلىقى جېك!

— ھە دېسىلا ئۆزىڭىزنىڭ تونۇشلىرىنى دەيدىكەنسىز، مېنىڭمۇ دوستلىرىم بار - دە!

## خاتىرجەم پەيزى قىلىۋېرىڭ

مايور خىنتىر ۋېيتنام ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنى بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بىر چاغدا ئىشىك قاتتىق چېكىلىپ «بۇ مەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

خىنتىر ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى بويىچە:

— چاتاق بولدى، چوقۇم ئېرىڭىز كېلىپ قالدى، — دەپتۇ.

خوتۇنى ئۇيقۇلۇقتا ئېرىگە ئېسىلىپ، كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى بويىچە:

— خاتىرجەم پەيزى قىلىۋېرىڭ، ئېرىم نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى ۋېيتنامدا بىزنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

## مەخپىي تېلېگراما

خەۋەرچى : پولكوۋنىك ، بۇ سىزگە كەلگەن خۇسۇسىي تېلېگراما .

— ئوقۇغىن ! — بۇيرۇق قىپتۇ پولكوۋنىك .

خەۋەرچى تېلېگراممىنى ئوقۇپتۇ :

«بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشىمىز سىزنىڭ دۆت ھەم قابىلىيەتسىزلىكىڭىزدىن بولدى ، جازاغا تارتىلىسىز !»

— سەن مەخپىي نومۇرنى ئوقۇشنى بىلمەيدىغان دۆت ئىكەنسەن ، چاپسان تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئەكەل ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پولكوۋنىك .

## يېڭىسى بېرىلىدۇ

پاراشوتچى ئەسكەرلەر مەشىق قىلىۋاتقاندا ، بىر جەڭچى كوماندىردىن سوراپتۇ :

— مەن ئايروپىلاندىن سەكرىگەندە پاراشوت ئېچىلماي قالسا قانداق قىلىمەن ؟

كوماندىر قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ :

— ھېچقىسى يوق ، ئاشۇ پاراشوتنى ئەكىلىپ تاپشۇرساڭ يېڭىسى بېرىلىدۇ .

[General Information]
书名=爱情幽默　维吾尔文
SS号=40219262

www.uyghurkitap.com